بسم الله الرحمن الرحيم

شەفىيقۇررەھمان نەدۋى

هەنەفىي مەزھىپىگە ئاساسەن چۈشىنىشلىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان

# ئىبادەت ئەھكاملىرى

كاشغەرىي ئىلىم-تەتقىقات مەركىزى

شەفىيقۇررەھمان نەدۋىي

ھەنەفىي مەزھىپىگە ئاساسەن چۈشىنىشلىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان

# ئىبادەت ئەھكاملىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت
تەھرىرى: ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان
پىلانلىغۇچى: ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

Shafiq Alrahman Alnadawi

**Hanefî Mezhebinde Kolay Fıkıh**

Çeviren: Muhammed Bişaret
Editör: Habibullah kurbani
Yönetici: Abdurrahman Kaşgarlı

الشيخ شفيق الرحمن الندوي

**الفقه الميسر على المذهب الحنفي**

ترجمة: محمد أمين بشارة
صاحب المشروع: عبد الرحمن جمال الكاشغري

ISBN: 978-625-00-8935-4
2022 - يىلى 12 - نويابىر
كاشغەرىي ئىلىم-تەتقىقات مەركىزى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە


تەرجىماندىن ........................................ 9
كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى: ............................ 10
مۇقەددىمە ........................................ 11
بېغىشلىما ........................................ 15
مۇئەللىپنىڭ سۆزى.................................... 25
كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان................................ 29
فىقھىي ئاتالغۇلار..................................... 29


## بىرىنچى باب: تاھارەتنىڭ بايانى


تاھارەتنىڭ بايانى ........................................ 35
تاھارەتنىڭ ئەھمىيتى ........................................ 36
تاھارەت ئېلىشقا بولىدىغان سۇنىڭ تۈرلىرى ........................ 37
سۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى.................................... 38
پاك نەرسە ئارىلىشىپ قالغان سۇنىڭ ھۆكمى........................ 41
ئاشقان سۇغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر ................................ 43
قۇدۇق سۈيىگە ئالاقىدار ئەھكاملار .............................. 45
ھاجەت قىلىشتىكى ئەدەپ - قائىدىلەر............................ 48
ئىستىنجاغا ئالاقىدار ئەھكاملار................................... 51
نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەھكاملىرى.............................. 53
ئېغىر نىجاسەتنىڭ ھۆكمى........................................ 55
تاھارەت.................................................... 59
تاھارەتنىڭ ئەركانلىرى ........................................ 60
تاھارەتنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى.............................. 60
تاھارەتنىڭ ۋاجىب بولۇش شەرتلىرى.............................. 61
تاھارەتكە مۇناسىۋەتلىك تارماق ھۆكۈملەر........................ 61

تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى.......................................... 63
تاھارەتنىڭ مەكرۇھلىرى............................................ 66
تاھارەتنىڭ تۈرلىرى.................................................. 66
تاھارەت ئېلىش قاچان پەرز بولىدۇ؟.............................. 66
تاھارەت ئېلىش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟ .......................... 67
تاھارەت ئېلىش قاچان مۇستەھەب بولىدۇ؟ ..................... 67
تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار..................................... 69
تاھارەت بۇزۇلمايدىغان ئىشلار.................................... 70
غۇسۇل.................................................................... 71
غۇسۇلنىڭ يولغا قويۇلۇشى........................................ 71
غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى ................................................. 72
غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرى ............................................. 72
غۇسۇلنىڭ تۈرلىرى.................................................. 73
غۇسۇل قاچان سۈننەت بولىدۇ؟................................... 74
تەيەممۇم................................................................. 77
تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشى..................................... 77
تەيەممۇمنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى .............................. 78
تەيەممۇمنىڭ ئەركانلىرى ........................................... 82
تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى.......................................... 82
تەيەممۇم قىلىش ئۇسۇلى .......................................... 83
تەيەممۇمغا مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسىلىلەر ................ 84
ئۆتۈككە مەسھى قىلىش............................................. 87
ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ ھېكمىتى............................ 87
ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ دەلىلى.............................. 87
مەسھىنىڭ جائىز بولۇش شەرتلىرى.............................. 88
مەسھىنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرى.................................. 89
ئۆتۈككە مەسھى قىلىشنىڭ مۇددىتى............................ 89
مەسھىنى بۇزىدىغان ئامىللار ..................................... 90
تېڭىقتا مەسھى قىلىش.............................................. 91

## ئىككىنچى باب: نامازنىڭ بايانى

نامازنىڭ بايانى ........................................ 95
نامازنىڭ مەنىسى........................................ 95
نامازنىڭ تۈرلىرى........................................ 97
نامازنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى........................ 97
نامازنىڭ ۋاقىتلىرى...................................... 98
ناماز ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسىلىلەر ............ 100
ناماز ئوقۇش جائىز بولمايدىغان ۋاقىتلار .................. 101
نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار ............ 102
ئەزان ۋە تەكبىر ........................................ 104
ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇشى................................ 104
ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ ھۆكمى ............................. 105
ئەزان كەلىمىلىرى ...................................... 106
ئەزاندىكى مۇستەھەب ئەمەللەر.......................... 107
ئەزاندا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار ........................ 109
نامازنىڭ ئادا بولۇش شەرتلىرى ......................... 111
نامازنىڭ شەرتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسىلىلەر ......... 114
نامازنىڭ ئەركانلىرى ..................................... 117
نامازنىڭ ۋاجىبلىرى ..................................... 119
نامازنىڭ سۈننەتلىرى .................................... 122
نامازنىڭ مۇستەھەبلىرى ................................. 127
نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار................................ 129
نامازغا دەخلى يەتكۈزمەيدىغان ئىشلار ..................... 132
نامازدا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار ......................... 133
نامازدا مەكرۇھ بولمايدىغان ئىشلار ....................... 138
ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى .................................... 139
جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى .............................. 143
جامائەت نامىزىنىڭ ھۆكمى............................... 144
جامائەت نامىزى كىملەرگە سۈننەت بولىدۇ؟ ................. 145

جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش قاچان كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟ ............ 146
ئىماملىق قىلىشنىڭ شەرتلىرى.................................. 149
ئىماملىق قىلىشتا ۋە جامائەت نامىزىدا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار .... 151
ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى .................... 153
جامائەت ئىمامغا قاچان ئەگىشىپ، قاچان ئەگەشمەيدۇ؟ ......... 155
سۈترىگە ئالاقىدار ئەھكاملار.................................... 157
ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار .... 158
نامازنى بۇزۇش قاچان ۋاجىب، قاچان جائىز بولىدۇ؟ ................ 159
ۋىتىر نامىزى .................................................. 161
سۈننەت نامازلار ................................................ 165
مۇستەھەب نامازلار ۋە كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش.......... 167
ناماز جەدۋىلى ................................................. 169
ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش ........................................... 170
ئۇلاغ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش...................................... 171
كېمىدە ناماز ئوقۇش ............................................. 172
پويىز ياكى ئايروپىلاندا ناماز ئوقۇش ............................. 173
تەراۋىھ نامىزى.................................................. 175
يولۇچى نامىزى .................................................. 177
سەپەر نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى ........................ 178
كېسەل نامىزى .................................................. 183
ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسى.......................... 185
پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش.............................. 187
ناماز ۋە روزىنىڭ فىديەسى....................................... 191
سەۋەنلىك سەجدىسى............................................. 193
سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى .......................... 193
سەۋەنلىك سەجدىسى ھەققىدە ئەھكاملار ......................... 591
سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىشنىڭ ۋاجىب بولۇش سەۋەبلىرى.......... 195
سەۋەنلىك سەجدىسىگە ئالاقىدار تارماق ھۆكۈملەر.................. 197
سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ئۇسۇلى............................... 200
سەۋەنلىك سەجدىسى قاچان كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟ .................. 200

تىلاۋەت سەجدىسى.................................. 203
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ دەلىلى.............................. 203
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئەھكاملىرى............................ 204
تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئۇسۇلى .............................. 209
سەجدە ئايەتلىرى..................................... 210
جۈمە نامىزى.......................................... 211
جۈمە نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ............................ 211
جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى........................ 213
جۈمە نامىزى ئوقۇشنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى .............. 215
جۈمە خۇتبىسىنىڭ سۈننەتلىرى ............................. 215
جۈمە نامىزىغا ئالاقىدار تارماق ئەھكاملار.................... 217
ئىككى ھېيت نامىزى.................................. 219
ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى...................... 219
ئىككى ھېيت ھەققىدە ئەھكاملار ........................... 220
ئىككى ھېيت نامىزى كىملەرگە ۋاجىب؟ ...................... 221
ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى................ 221
روزا ھېيت كۈنى مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار.................. 222
ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۇسۇلى......................... 223
قۇربان ھېيتقا دائىر ئەھكاملار ............................ 225
كۇسۇف (كۈن تۇتۇلۇش) ۋە خۇسۇف (ئاي تۇتۇلۇش) نامازلىرى ..... 227
ئىستىسقا (يامغۇر تىلەش) نامىزى............................ 229

## ئۈچىنچى باب: جىنازا ھەققىدە

جىنازا ھەققىدە ........................................ 233
سەكراتتىقا چۈشكەن كىشىگە نېمىلەر قىلىنىدۇ؟ .................. 233
مېيىتنى يۇيۇپ تاراشنىڭ ھۆكمى............................ 235
مېيىتنى يۇيۇش ئۇسۇلى................................. 236
كېپەنلىكنىڭ تۈرلىرى ................................... 239
ئەر كىشىنى كېپەنلەش ئۇسۇلى ............................ 240
ئايال كىشىنى كېپەنلەش ئۇسۇلى............................ 241

مېيىت نامىزىنىڭ ئەھكاملىرى ........................................ 242
مېيىت نامىزىنىڭ شەرتلىرى ........................................ 242
مېيىت نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى ........................................ 243
مېيىت نامىزى ئوقۇش ئۇسۇلى ........................................ 246
جىنازىنى كۆتۈرۈشكە دائىر ئەھكاملار ........................................ 247
قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئەھكاملىرى ........................................ 250
شېھىدقا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ........................................ 251

## تۆتىنچى باب: روزىنىڭ بايانى

روزىنىڭ بايانى ........................................ 257
روزىنىڭ پەرزلىكى ........................................ 258
رامىزان روزىسى كىملەرگە پەرز؟ ........................................ 259
روزا تۇتۇش قاچان دۇرۇس بولىدۇ؟ ........................................ 260
روزىنىڭ تۈرلىرى ........................................ 260
روزىدا نىيەتنىڭ ۋاقتى ........................................ 263
ھىلال ئاينى كۆرۈش قانداق ئىسپاتلىنىدۇ؟ ........................................ 264
روز بۇزۇلمايدىغان ئىشلار ........................................ 266
روزىنىڭ قازاسى بىلەن بىرگە كەففارەت قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟ ...... 268
كەففارەت ۋاجىب بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........................................ 269
كەففارەتنىڭ بايانى ........................................ 270
قاچان كەففارەت ۋاجىب بولماي، قازا ۋاجىب بولىدۇ؟ ........................................ 271
روزا تۇتقۇچىغا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار ........................................ 274
روزا تۇتقۇچىغا مەكرۇھ بولمايدىغان ئىشلار ........................................ 274
روزا تۇتقۇچىغا مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار ........................................ 275
روزا تۇتماسلىقنى مۇباھ قىلىدىغان ئۆزرىلەر ........................................ 276
نەزىرگە ۋاپا قىلىش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟ ........................................ 278
ئېتىكاپ ........................................ 280
ئېتىكاپنىڭ يولغا قويۇلۇشى ........................................ 280
ئېتىكاپنىڭ تۈرلىرى ........................................ 281
ئېتىكاپنىڭ مۇددىتى ........................................ 281

ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللار ................................ 282
مەسچىتتىن چىقىشنى مۇباھ قىلىدىغان ئۆزرىلەر ........................ 282
ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىغا نېمىلەر مەكرۇھ بولىدۇ؟........................ 283
ئېتىكاپنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى........................................ 284
پىتىر سەدىقىسى .......................................................... 285
پىتىر سەدىقىسىنىڭ ھۆكمى .............................................. 285
پىتىر سەدىقىسى كىملەرگە ۋاجىب؟...................................... 285
پىتىر سەدىقىسى قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟.................................. 287
پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى............................................. 288
پىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغان ئورۇنلار................................. 289


## بەشىنچى باب: زاكاتنىڭ بايانى


زاكاتنىڭ بايانى............................................................ 293
زاكاتنىڭ ھۆكمى ۋە دەلىلى ................................................ 293
زاكاتنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى......................................... 295
زاكات بېرىش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟ ..................................... 297
زاكاتنى قاچان بەرسە ئادا بولىدۇ؟ ...................................... 298
ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قەغەز پۇلنىڭ زاكىتى............................. 299
تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى.............................................. 301
قەرزنىڭ زاكىتى............................................................ 302
نامەلۇم مال................................................................. 304
زاكات بېرىلىدىغان ئورۇنلار ............................................. 305
زاكات بېرىش جائىز بولمايدىغان كىشىلەر كىملەر؟ ..................... 307


## ئالتىنچى باب: ھەجنىڭ بايانى


ھەجنىڭ بايانى.............................................................. 311
ھەجنىڭ ھۆكمى ۋە دەلىلى................................................. 311
ھەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى ........................................... 312
ھەجنىڭ ئادا بولۇش شەرتلىرى............................................ 313
ھەجنى ئادا قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى.............................. 314

ئېھرام باغلىنىدىغان مىيقاتلار ........................ 315
ھەجنىڭ ئەركانلىرى ........................ 317
ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى ........................ 317
ھەجنىڭ سۈننەتلىرى ........................ 318
ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلار ........................ 320
ھەجنى ئادا قىلىش ئۇسۇلى ........................ 321
قىران ھەجى ........................ 325
تەمەتتۇ ھەجى ........................ 327
ئۆمرە قىلىش ........................ 329
ھەج ۋە ئۆمرىدىكى جىنايەتلەر ۋە ئۇنىڭ جازالىرى ........................ 330
ھەرەمگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر ........................ 330
ئېھرام ئىچىدىكى جىنايەتلەر ........................ 331
ھەدىيە (قۇربانلىق) ........................ 337
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش ........................ 339

## يەتتىنچى باب: قۇربانلىقنىڭ بايانى

قۇربانلىقنىڭ بايانى ........................ 343
قۇربانلىقنىڭ ھۆكمى ........................ 344
قۇربانلىق قىلىش كىملەرگە ۋاجىب بولىدۇ؟ ........................ 344
قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى ........................ 345
نېمىلەرنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس، نېمىلەر دۇرۇس بولمايدۇ؟ .... 346

# تەرجىماندىن

جانابىي ئاللاھقا ھەمدۇسانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ـ سالام بولسۇن.

ئىسلام فىقھىي مەزھەبلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەڭرى تارقالغان ھەنەفىي مەزھىپى قۇرئان، سۈننەت، ئىجمائ، قىياس، ئىستىھسان، مەنپەئەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنى ھۆكۈم مەنبەسى قىلغان بولۇپ، بۇ مەزھەب ۋەتىنىمىزدىن باشقا يەنە تۈركىيە، ئىراق،سۈرىيە، پاكىستان، ئافغانىستان، ھىندىستان، مىسىر، لىۋان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلىرىدىمۇ كەڭ تارقالغان.

ۋەتىنىمىزدە دەرسلىك قىلىنغان فىقھى كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولغاچقا، ئۆلىمالار ۋە تالىبلاردىن باشقىلار پايدىلىنالمايتتى. شۇ ۋەجىدىن، ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدا ئىخچام، چۈشىنىشلىك، تىلى يەڭگىل، رەتلىك تۈزۈلگەن، ياش ئۆسمۈرلەر ۋە ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇشى ياكى ئۇيغۇرچە دەرسلىك قىلىشقا ماس بىر ھەنەفىي فىقھ قوللانمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى.

ھىندىستانلىق ئالىم شەفىقۇررەھمان نەدۋىينىڭ ئىخچام، چۈشىنىشلىك ۋە زامانىۋى ئۇسلۇبتا يېزىلغان بۇ كىتابى ئىبادەتلەرنى ئۆگەنمەكچى بولغان ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋە ئاۋام خەلق ئۈچۈن فىقھ قوللانمىسى قىلىشقا ماس كېلىدۇ.

**كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى:**

1. كىتابنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، جۈملە قۇرۇلمىلىرى يەڭگىل بولۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەر ۋە ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ زۆرۈر ھەم يۈزەكى فىقھ ئەھكاملىرىدىن خەۋەردار بولۇشىغا مۇناسىپ تەرزدە تۈزۈلگەن.

2. كىتابتا ھەنەفىي مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋادا ئاساسلىنىشقا بولىدىغان، كۈچلۈك دەپ قارالغان قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

3. كىتاب ھازىرقى زامان ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، مەزمۇنى ئىخچام، كۆپىنچە مەزمۇنلار رەقەملەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەستە ساقلىشى ۋە چۈشىنىشىگە زور قولايلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

4. كىتاب ئارتۇق شەرھ ۋە ئىزاھاتلاردىن خالىي بولۇپ، ئوقۇغانسېرى كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ.

5. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىبادەتكە ئالاقىدار فىقھىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىش مەقسەت قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار ياكى ئاۋام مۇسۇلمانلارغا دەرسلىك قىلىشقا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

# مۇقەددىمە

ئىنساننى ئەڭ گۈزەل قەددى ـ قامەتتە يارىتىپ، كاتتا نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان، پاك نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىپ، ھارام نەرسىلەردىن چەكلىگەن ۋە بىلمىگەننى بىلدۈرگەن ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن.

يەنە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان فىقھ ئۆلىمالىرىنىڭ مەدەتكارى ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئۇ ئۆز كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئىلىم بولۇپ، قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم ئۆگىنىشكە)چىقمىدى؟﴾ «سۈرە تەۋبە، 122- ئا يەت».

ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى دىندا مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئېلىشقا قىزىقتۇرغان پەيغەمبىرى ۋە سائادەتمەنلەرنىڭ رەھبىرى مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا بولسۇنكى، ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ»[1]. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇلارغا سەمىمىي

[1] سەھىيھۇلبۇخارىي، 3116- ھەدىس.

ساداقەت بىلەن ئەگەشكەنلەرگە رەھمەت قىلسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك، ئىنسان قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى ئىش ھالال ـ ھاراملارنى تونۇش ۋە ئەمەللەرنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى بىلىشتۇر. فىقھ ئىلمىنىڭ ۋەزىپىسى دەل مۇشۇلارنى توغرا يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىشتۇر. بۇ ساھەدە قەدىمدە ۋە ھازىرقى دەۋردە ساناقسىز كىتابلار يېزىلغان بولۇپ، بەزىلىرى كونكرېت، بەزىلىرى ئىخچام، يەنە بەزىلىرى قىسقا ئەسەرلەردۇر. قولىڭىزدىكى بۇ كىتابمۇ ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ھىندىستاننىڭ لۇكنو شەھىرىگە جايلاشقان ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق «دارۇلئۇلۇم ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ[2] شەرىئەت ۋە ئۇسۇلىددىن فاكۇلتېتىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەدىس ۋە فىقھ ئۇستازى پەزىلەتلىك شەيخ شەفىيقۇررەھمان نەدۋىينىڭ «چۈشىنىشلىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان فىقھ» (**الفقه الميسر**) ناملىق كىتابى مەزمۇنلارنى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بۆلەكلەرگە ئايرىش، مەسىلىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇش، ئەھكاملارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىش قاتارلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بىلەن ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ باشلانغۇچ فىقھىي مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىشتە ھازىرقى زامان فىقھىي كىتابلىرى ئىچىدە تۇنجى ئاساسىي قوللانما ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب مىلادىيە 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان تۇنجى كۈنىدىن ئېتىبارەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا

---

[2] دارۇلئۇلۇم ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ھىندىستاننىڭ دىيۇبەند شەھىرىگە جايلاشقان ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ قەدىمىي ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىيە 1867 - يىلى بىر تۈركۈم ھىندىستان ئۆلىمالار تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

ئېرىشىپ كەلدى. ھازىرغا قەدەر ھىندىستاندا يەتتە قېتىم، پاكىستاندىمۇ بىرقانچە قېتىم بېسىلدى.

ئۇنى ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كۆپلىگەن شەرىئەت ئىنستىتۇتلىرى ۋە دىنىي مائارىپ ئورگانلىرى دەرسلىك پىروگراممىسىغا كىرگۈزدى. مېنىڭ بۇ كىتابتىكى ئاساسىي ئەمگىكىم ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىكى دەلىللەرنى زىكىر قىلىش، ئەھكاملارنىڭ شەرىئەت ئىستېمالىدىكى ۋە سۆزلۈكتىكى مەنىلىرىنى بايان قىلىش، بىر قىسىم سۆزلۈكلەرنى شەرھلەش، ئىزاھاتلاردا كەلگەن ھەدىسلەرنى «تەخرىج»[3] قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ كىتابنىڭ شام دىيارىدا يېڭىچە ئۇسلۇبتا نەشىر قىلىنىشى چىققان نۇسخىسى باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى شەرىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگەنگۈچىلەرگە شادلىق بېغىشلىغۇسى!

ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشىنى تىلەيمەن. ئۇ ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچىدۇر. جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر.

دوكتور سەييىد ئابدۇلماجىد غەۋرىي

---

[3] ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە دەرىجىسىنى بايان قىلىش ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا «تەخرىج» دەپ ئاتىلىدۇ.

# بېغىشلىما

**بۈيۈك ئالىم، ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق «دارۇلئۇلۇم» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى ئىمام ئەبۇلھەسەن نەدۋىي**

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى ۋە ئاخىرقىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇلارغا چىن ساداقەت بىلەن ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك، ھەر دەۋر ۋە رايوندىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرى ۋە دەرسلىك كىتابلار خىلمۇخىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقى مۇقەررەر. بۇلار بەزىدە (ئۇزۇن يىللىق) تەجرىبە ۋە ئالاھىدە مائارىپ تەسەۋۋۇرى بىلەن مۇئەييەن نىشانلارنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلسە، بەزىدە دىنىي، ئىدارىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلارغا باغلىق ھالدا تۈزۈلىدۇ. يەنە بەزىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى، پىسخىكىسى، مەلۇمات دائىرىسى ۋە ئېھتىياجى قاتارلىق خىلمۇخىل ئامىللارغا ماسلاشتۇرۇپ تۈزۈلىدۇ. دەرس

پىروگراممىلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ۋە ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىدىغىنى دەل مۇشۇ تەرەپلەرنى، يۇقىرىقى مەقسەت ۋە نىشانلارنىڭ ھەممىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن دەرس پىروگراممىلىرىدۇر.

مانا بۇ ئالاھىدىلىك ھىجرىيە 12 ـ ئەسىردىن باشلاپ ھازىرغىچە «نىزامىيچە دەرس» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ھىندى قىتئەسىنىڭ قەدىمىي دەرس پىروگراممىلىرىدا ئۆزىنى نامايان قىلغان ئىدى. بۇ دەرس پىروگراممىسى ئىسلام فەتھىسىدىن كېيىن مەزكۇر رايونلاردا قېپقالغان قەدىمىي ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنىڭ ئىخچاملانغان ئاخىرقى نۇسخىسى ئىدى. ھەرقايسى شەھەر ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ھەممىدە ھىندىستان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ كەم ـ زىيادە قىلىناتتى، تەرەققىي قىلدۇرۇلاتتى ۋە ماسلاشتۇرۇلاتتى. قوشنا ئىسلام ئەللىرىنىڭ بولۇپمۇ لۇكنو شەھىرىنىڭ مەنىۋى قىبلىگاھى، پۈتۈن ھىندىستاننىڭ ئىلمىي ۋە پىكرىي مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان ئىراننىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايتتى. ئۇ چاغلاردا ئىران ھىندىستاننى دەرسلىك كىتابلار ۋە باشقا كىتابلار بىلەن بولۇپمۇ پەلسەپە ئىلىملىرىگە دائىر كىتابلار بىلەن تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە ئەقلىي ـ پاراسەتتە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلاردا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئۇستازلارنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇلار دەسلەپتە ھىندىستاننىڭ ئىقتىسادىي ۋە مائارىپ ئاملىلىرىغا كۆز تىكىپ، ئارقىدىن ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرىغا، قىممەت قاراشلىرىغا ۋە

ئەقىل - پاراسەت ئوبيېكتلىرىغا قەدەر چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

بۇنداق ئىلمىي كېڭەيمىچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى تا «نىزامىيچە دەرس» پىروگراممىسى شەكىللىنىپ، مۇئەييەن ئۆلچەمگە يەتكەنگە قەدەر توختىمىدى. بۇ دەرس پىروگراممىسى ھاكىمىيەت نىزامنامىسى، قانۇن، دۆلەت تىلى ۋە مەزكۇر رايونلاردىكى غەرب مەدەنىيىتى ئىستېلاسى قاتارلىقلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بىر پەيتتە تۈزۈلگەن ئىدى.

بۇ پىروگراممىدا پارس تىلى ۋە پارس ئەدەبىياتىنى ئۆزۈن مۇددەت دەرسلىك قىلىش بىلەن باشلىناتتى. (ئادەتتە) بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىناتتى. ئاندىن كېيىن ئوقۇغۇچى مورفولوگىيە (سەرپ)، گىرامماتىكا (نەھۋى)، ئىستىلىستىكا (بالاغەت) قاتارلىق ئەرەب تىلى قائىدە - پىرىنسىپلىرىنى ۋە لوگىكا (مەنتىق) ئىلمى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى. مورفولوگىيەگە ئائىت دەرسلىك كىتابلارنىڭ سانى يەتتىگە، گىرامماتىكىغا ئائىت كىتابلارنىڭ سانى بەشكە يېتەتتى. لوگىكا ئىلمىدە ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدىغان كىتابلارمۇ ئاز دېگەندە تۆت ياكى بەش بولاتتى. ئوقۇغۇچىلار شۇنىڭدىن كېيىن فىقھىي كىتابلارنى ئوقۇش باسقۇچىغا قەدەم ئالاتتى. بۇ چاغدا ئوقۇغۇچى ئالىقاچان بالاغەتكە

يەتكەن ياكى بالاغەت يېشىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. مەلۇم سەۋەبتىن كېچىكىپ ئوقۇش باشلىغانلار ئاللىقاچان چوپچوڭ يىگىتكە ئايلىنىپ بولاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار «قۇدۇرى» ۋە «شەرھى ۋىقايە»گە ئوخشاش دەرسلىك كىتابلاردىكى فىقھ ئىلمىنىڭ كونكرېت تەرەپلىرىنى، نازۇك مەسىلىلەرنى چۈشىنىشتە ئۇنچىۋالا قىينىلىپ كەتمەيتتى. ئىدراك قىلالمايدىغان، ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ھېس قىلغىلى بولمايدىغان ياكى ھېسسىياتنى غىدىقلايدىغان، ئوقۇتقۇچىمۇ تالىپلارنىڭ يېشى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى تۈپەيلى شەرھلەش ۋە ئىزاھلاشتىن ئۈيلىدىغان مەسىلىلەرنى ئۇچراتقاندا گاڭگىراپ قالمايتتى.

بۇ پىروگرامما كۆپ ھاللاردا تالىپلارنىڭ يېشى بىلەن مەلۇماتى ئارىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان بولۇپ، قىيىپ كېتىشكە ئېھتىياج تۇغدۇرىدىغان كەڭ بوشلۇق بولمايتتى. يەنە كېلىپ پارس ئەدەبىياتى ئوقۇشلۇقلىرى، ئەتراپلىق يېزىلغان مورفولوگىيە ۋە گىراماتىكا كىتابلىرى ۋە زېھنىنى قوچۇۋېتىدىغان لوگىكا كىتابلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان دەسلەپكى مائارىپ باسقۇچلىرى (تالىپلارنى) فىقھىي ئىلمىنىڭ ئىنچىكە مەسىلىلىرىنى چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئەمما، پارس تىل - ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقلىرى، مورفولوگىيە، گىراماتىكا ۋە لوگىكا ساھەلىرىدە دەرسلىك قىلىنغان كىتابلارغا ئوخشاش كۆپ ۋاقت

ئالىدىغان بۇ دەرسلىك ماتېرىياللىرى پىروگراممىدىن قالدۇرۇلغان چاغدا؛ بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئىقتىسادىي بېسىم، غەربچە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تەسىرى، ھاياتتىكى ئارزۇ - ئارمانلار، ئىقتىساد ۋە ھوقۇق - مەنسەپتە بەسلىشىش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا تالىپلارنىڭ ۋاقتىنى ۋە كۈچىنى تېجەش، ھايات قايناملىرىغا كىرىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئىدىيەسى ھۆكۈمران بولۇۋالغان چاغدا دىنىي ئوقۇغۇچىلار دىنغا ئالاقىدار كىتابلارنى، جۈملىدىن فىقھىي كىتابلارنى كىچىك ياشلىرىدا بولۇپمۇ بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ مەزگىل پىسخولوگىيە، ئەخلاق ۋە تېببىي ئىلىملىرىدە ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە مۇھىم باسقۇچى ھېسابلىناتتى. ئوقۇغۇچى بۇ مەزگىللەردە تاھارەتنىڭ دەسلەپكى بابىدىن نىكاھ بابىغىچە چۈشىنىش قىيىن بولغان، چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ھېسسىياتىنى غىدىقلايدىغان نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك، ئۇششاق - چۈششەك مەسىلىلەرگە يولۇقاتتى. بەزىدە بۇ ئىش بالىلارنىڭ پىسخىكىسىنى بۇزۇپ، تەپەككۇرىنى قالايمىقان قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى خەتىرى پۇراپ تۇرىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە ئېلىپ باراتتى.

مەن ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق «دارۇلئۇلۇم» ئۇنىۋېرسىتېتىدا بالىلار ۋە ياش ئۆسمۈرلەرگە دەرس ئۆتۈۋاتقان چاغلىرىمدا ئويلاپ قالاتتىم. فىقھ ئىلمى

ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلمىي مەلۇماتىغا، ياشاۋاتقان مۇھىتىغا ۋە تۇغۇلغان دەۋرىگە ماس كېلىدىغان بىرەر كىتاب تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى بەك پىششىقلاپ ئىشلىيەلمىسەممۇ، ھېچبولمىسا بىر قىسىم تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزۈشنى ئويلايتتىم. مەشغۇلاتلىرىم ۋە سەپەرلىرىم كۆپ، مەسئۇلىيىتىم ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، مىسىرلىق ھەنەفىي ئەللامە ھەسەن ئېبنى ئەممارنىڭ «نۇرۇلئىيزاھ» ناملىق كىتابىنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ كىتاب كېيىنكى زامانلاردا «ئەرەبچە مەدرىسلەر» دەپ ئاتىلىدىغان دىنىي مەدرىسلىرىمىزدە كەڭ تارقالغان ۋە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن ھەنەفىي فىقھىسىگە ئائىت ئاسانلاشتۇرۇلغان كىتاب ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىلىپ، دىققىتىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇشۇ كىتابنى تۈزۈشنى باشلىۋەتتىم. بۇ جەرياندا دارۇلئۇلۇم ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇستازلىرىدىن قەدىرلىك بۇرادىرىم نەزىرۇلھەفىز نەدۋىي مېنى يېقىندىن قوللىدى. لېكىن، مەن مۇشۇنداق بىر كىتابنىڭ تۈزۈلۈشىگە شۇنچە كۆچلۈك ئېھتىياج بارلىقىنى ھېس قىلغان تۇرۇقلۇق، يەنە باشقا يازىدىغان ئەسەرلەر ۋە باردى ـ كەلدىلىرىمنىڭ كۆپلۈكى مېنى بۇ ئىشنى ۋاقتىدا تاماملاشتىن كېچىكتۈرۈپ قويدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئوي كاللامدىن زادى چىقمايتتى. مەن ئاخىر بۇ ئىشنى چوقۇم قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسىدىكى فىقھ ۋە ھەدىس ئىلىملىرىدە مول مەلۇماتلىق، ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئاددىي تىل ۋە

قولاي ئۇسلۇبتا كىتاب يازالايدىغان ئۇستازلاردىن بىرىگە بۇ ئىشنى ھاۋالە قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. نەتىجىدە، ئەزىز بۇرادىرىم شەيخ شەفىيقۇررەھمان نەدۋىيگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئىشنى مەن كۈتكەندەك ۋە پىلانلىغاندەك تاماملاش ئۇنىڭغا نېسىپ بولغان چېغى. ئۇ بۇ ئىشنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە لايىقىدا ئورۇنداپ، «چۈشىنىشلىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان فىقھ» (الفقه الميسّر) دەپ نام بېرىلگەن بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتى. «نۇرۇلئىيزاھ» نىڭ ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، بۇرادىرىم ئاشۇ كىتابقا كۆپرەك تايانىدى. ھەر بابنىڭ بېشىنى ئىزچىل ھالدا قۇرئان ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن باشلاشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئوقۇغۇچىغا شۇ بابنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىنى تونۇتۇش ھەمدە ئىمان ۋە ئىخلاس ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئىدى. ئاندىن بۇرادىرىم شەفىيقۇررەھمان نەدۋىي يەنە فىقھىي ئاتالغۇلارنىڭ سۆزلۈك ۋە ئىستېمال مەنىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ۋە شەرھلەشكىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش قۇرامى ۋە ئىلمىي مەلۇماتىغا ماس كەلمەيدىغان مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشتىن ساقلاندى. چۈنكى، بۇ كىتابنى تۈزۈشتىكى تۈپ مەقسەت ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن باشلانغۇچ بىر كىتاب تۈزۈپ چىقىش ئىدى. ئۇ يەنە فىقھىي دەتالاشلارغا كىرىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، (ھەنەفىي مەزھەپتە

كۆچكە ئىگە) پەتىۋا بېرىلىدىغان قاراشلارنى ئاساس قىلدى، زېھىننى چېچىپ، بالىلارنى قايمۇقتۇرىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ئىبارىلەرنى قوللىنىشتىن ساقلاندى، كىشىلىك ئالماشلارنى ئىشلىتىشنىڭ ئورنىغا ئىسىملارنىڭ ئۆزىنىلا ئىشلەتتى، مەزمۇنلارنى ھازىرقى زامان دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ مېتودىغا ئۇيغۇن شەكىلدە بابلارغا بۆلدى، ئاسان ۋە چۈشىنىشلىك تىل قوللاندى. پوپىز ۋە ئايروپىلان دېگەندەك قاتناش ۋاستىلىرىدە ناماز ئوقۇش؛ دىرھەم، مىسقال، سا قاتارلىق قەدىمكى زامان ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى ھازىرقى زامان ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە تەتبىقلاش دېگەندەك قەدىمكى مۇئەللىپلەرنىڭ دەۋرىدە يوق، ئەمما ھازىرقى زاماندا ئېھتىياج چۈشىدىغان بەزى مەسىلىلەرنى قوشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان «چۈشىنىشلىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان فىقھ» ناملىق بۇ ئەسەر ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ باشلانغۇچ فىقھ ئىلمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشى ۋە دەسلەپكى مەلۇماتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن قولايلىق بىر كىتاب بولۇپ پۈتۈپ چىقتى، شۇنداقلا ئۆسمۈرلەر دىنىي كۇتۇپخانىسى ۋە دەرسلىك كىتابلىرىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. دىنىي مەدرىسىلىرىمىزدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ دىنىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ياش قۇرامى ۋە مەلۇماتىغا ئۇيغۇن، ھازىرقى زاماننىڭ نورمال ۋە يوللۇق تەرەققىياتى ھەم خاراكتېرىگە ماس شەكىلدە تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان مەدرىسە مەسئۇللىرى، مائارىپ ساھەسىدە

خىزمەت قىلىۋاتقانلار ۋە پسىخولوگلار ھېس قىلىۋاتقان جىددىي ئېھتىياجنىمۇ ھەل قىلىدى.

ئاخىردا، قەدىرلىك مۇئەللىپ شەفىيقۇررەھمان نەدۋىينىڭ بۇ قىممەتلىك ئەمگىكىگە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن، شۇنداقلا بۇ كىتابنى ئۆلىمالار ئۇيۇشمىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىم ۋە پۈتۈن دىنىي مەدرىسىلەر بىلەن بولغان ئالاقەمنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەرەب تىلى، ئەرەب ئەدەبىياتى، نەسىر ئەدەبىياتى، ئەرەب تىلى گىراماتىكا قائىدىلىرى قاتارلىق ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان «دارۇلئۇلۇم ئۇنىۋېرسىتېتى» مۇئەللىملىرىنىڭ ئەمگىكىگە قوشۇلغان قىممەتلىك تۆھپە سۈپىتىدە تەقدىم قىلىمەن. بۇ كىتابنىڭ فىقھ كىتابلىرى ۋە باشقا دىنىي تەلىم ـ تەربىيە كىتابلىرى ئارىسىدا قىممىتىنى تېپىشى ئۈچۈن، دىنىي مەدرىسىلەرنىڭ قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىنى ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پىروگراممىلىرى ئىچىدىن كەڭ ئورۇن بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. «ئىلىم ـ ھېكمەت مۇئمىننىڭ يوقىتىپ قويغان نەرسىسىدۇر، مۇئمىن ئۇنى قەيەردە تاپسا، (ئېلىشقا) ئەڭ ھەقلىقتۇر».

ئىلگىرى ـ كېيىن جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گە رەھمەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلسۇن!

ئەبۇلھەسەن ئەلى ھەسەن نەدۋىي

## مۇئەللىپنىڭ سۆزى

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، (قولىڭىزدىكى) بۇ كىتاب ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپىگە ئاساسەن يېزىلغان؛ تاھارەت، ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە قۇربانلىق قاتارلىق بابلاردىن تەشكىل تاپقان فىقھى ئەھكاملارنىڭ ئىبادەت قىسمى توغرىسىدىكى ئىخچام ئەسەردۇر. ئاللاھ ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھقا چەكسىز رەھمەت ئاتا قىلسۇن ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

مېنىڭ ئەمگىكىم شۇكى، بۇ ئەسەردە مەن فىقھى ئەھكاملارنى جەملەشتە مىسىرلىق ھەنەفىي ئالىم شەيخ ھەسەن ئىبنى ئەممار شىرىنبىلالىينىڭ «نۇرۇلئىيزاھ» ناملىق كىتابىدىكى مېتودىغا يېقىن مېتود قوللاندىم، خېلى كۆپ مەزمۇنلارنى شۇ كىتابتىن ئالدىم، ئۇنىڭدىن باشقا ھەنەفىي فىقھ كىتابلىرىدىنمۇ پايدىلاندىم، ئەھكاملارنى كىچىك ئۆسمۈرلەر چۈشىنەلەيدىغان

رەۋىشتە ئوتتۇرىغا قويدۇم يەنى ئۆسمۈرلەر چۈشىنىپ، ھەزىم قىلالايدىغان دەرىجىدە ئاددىي ئۇسلۇب ۋە يەڭگىل ئىبارىلەرنى ئىشلەتتىم. كىتابنىڭ ھەربىر بۆلۈمىنىڭ بېشىغا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پەزىلىتىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، مۇمكىنقەدەر قۇرئان كەرىمدىن بىر ئايەت ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىدىن بىرەر ھەدىسنى كەلتۈردۈم. كىتابنىڭ باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ يېشى ۋە مەلۇمات سەۋىيەسىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىنى چېچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، مەزھەپ ئىختىلاپى ۋە بەزى مەسىلىلەردىكى خىلمۇخىل قاراشلارنى ئاساسەن تىلغا ئالمىدىم، شۇنداقلا ئۆسمۈرلەر چۈشىنىپ، ھەزىم قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشتىن ئۇزاق تۇردۇم.

مەن بۇ يەردە بۇ كاتتا خىزمەتنى ماڭا تاپشۇرغان، مېنى ساغلام يولغا باشلىغان ۋە بۇ كىتابقا بېغىشلىما يېزىپ، شەرىپىمگە قوشقان شەيخىمىز ۋە بۈيۈك ئۇستازىمىز ئەبۇلھەسەن ئەلى نەدۋىيگە تەشەككۈر ئېيتماي تۇرالمايمەن. مەن بۇ خىزمىتىمدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسام، بۇنىڭدىكى تۆھپە ئەلۋەتتە ئەبۇلھەسەن نەدۋىيگە ئائىتتۇر.

مەرگەن بىلەن ئوقنىڭ مىسالى،
بولۇپ قالدى ئىككىمىز ھالى،
نىشانغا دەل تەگسە گەر ئوق،
توغرا دېمەك مەرگەن خىيالى.

مەن يەنە بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشىدىن تاكى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەنگە قەدەركى باسقۇچلىرىدا ماڭا ياردەملەشكەن ئۇستازلىرىم، ساۋاقداشلىرىم ۋە تالىپ بۇرادەرلىرىمگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. خۇسۇسەن «دارۇلئۇلۇم» مۇپتىسى ئۇستازىم پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد زۇھۇر نەدۋىي، مەشھۇر ئىسلامىي ئەسەرلەر يازغۇچىسى ئۇستازىم سەئىد ئەزەمىي نەدۋىي، پەزىلەتلىك شەيخ بۇرھانىددىن سۇنبۇھلىي ۋە ئۇستاز زىيا ھەسەن نەدۋىي قاتارلىق كىتابنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ماڭا بىر قىسىم تەكلىپ - پىكىرلەرنى بەرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق كىتابنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ئۇستازلارنى ئاللاھدىن ئەجرىنى كۆپ بەرىشنى تىلەيمەن.

ئىلگىرى - كېيىن ئاللاھ تائالاغا شۈكرى ئېيتىمەن ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن. چۈنكى، خەيرلىك ئىشلار ئاللاھنىڭ پەزلى - ئېھسانى ۋە تەۋپىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەردىن كىتابتا ئەيىب - نۇقسان ياكى ياخشى ئىپادىلەنمىگەن مەزمۇنلارنى بايقىسا، كېيىنكى باسمىدا تۈزىتىۋېلىشىم ئۈچۈن مېنى ئەسكەرتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە ئاللاھ دىن مېنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلىشىنى ۋە بۇ كىتاب ئارقىلىق ئاخىرەتتە مەنپەئەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

شەفىقۇررەھمان نەدۋىي

# كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان
# فىقھىي ئاتالغۇلار

**پەرز:** قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلمىسا جازالىنىدىغان، ئىنكار قىلىش بىلەن كاپىر بولىدىغان، مۇكەللەپتىن كەسكىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەمەل بولۇپ، پەرزلىكى قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر (كۆپ راۋىلار تەرىپىدىن ئوخشاش رىۋايەت قىلىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى شۈبھىسىز دەرىجىدە ئىسپاتلانغان) ھەدىسلەر بىلەن بېكىتىلگەن ئەمەلدۇر. بەش ۋاقىت ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىقلار بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

پەرز ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: پەرز ئەين ۋە پەرز كۇپايىدۇر.

**پەرز ئەين:** ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزى بىۋاستە ئورۇنداشقا بۇيرۇلغان پەرز دېمەكتۇر.

**پەرز كۇپايە:** ئومۇمىي مۇسۇلمانلار بۇيرۇلغان، ئەمما ئارىدىن بەزىسى ئورۇندىسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان ئىجتىمائىي پەرزدۇر.

**ۋاجىب:** ھەنەفى مەزھەپتە قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلمىسا جازالىنىدىغان، ئىنكار قىلىش بىلەن كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدىغان، مۇكەللەپتىن

كەسكىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئەمەل بولۇپ، ۋاجىبلىقى كۈچلۈك ئىپتىماللىققا ئىگە (قەتئىي بولمىغان) دەلىل بىلەن بېكىتىلگەندۇر. قۇربانلىق قىلىش، پىتىر سەدىقىسى، ئىككى ھېيت نامىزى، ۋىتىر نامىزى قاتارلىقلار بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

**سۈننەت:** مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش - پائالىيەتلىرى، ئەمەل - ئىبادەتلىرى ۋە ساھابىلىرىدىن سادىر بولغان ئىشلاردىن ئىبتىراپ قىلغانلىرى دېمەكتۇر.

سۈننەت فىقھ ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا پەرز، ۋاجىب ئەمەللەردىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ۋە قىلىشقا تەرغىب قىلغان ئەمەللەر بولۇپ، سۈننەتنى قىلغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ، قىلمىغان كىشى ئەيىبلىنىدۇ. كۈچلۈك سۈننەتكە دائىم ئەمەل قىلمايدىغان كىشى ئاسىي ھېسابلىنىدۇ، ئەمما سۈننەتنى ئىنكار قىلىدىغان كىشى ئازغۇن ھېسابلىنىدۇ. بەش ۋاخ نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى ئوقۇش، ئەزان ئېيتىش، مىسۋاك قىلىش قاتارلىقلار بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

سۈننەت «تەكىتلەنگەن سۈننەت» ۋە «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**تەكىتلەنگەن سۈننەت:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئەمەللەردۇر. بامدات نامىزىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكئەت سۈننەت ناماز، ئەزان، تەكبىر،جامائەت نامىزى بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

**تەكىتلەنمىگەن سۈننەت:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىزچىل قىلىپ ئادەتلەنمىگەن، گاھىدا قىلىپ، گاھىدا تەرك ئەتكەن ئەمەللەردۇر. تەكىتلەنمىگەن سۈننەت «مۇستەھەب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مۇستەھەب:** قىلسا ساۋاب بېرىلىدىغان، تەرك ئەتسە گۇناھكار بولمايدىغان، پەزىلەتلىك ئەمەللەردۇر. سودا سېتىق ئىشلىرىدا گۇۋاھلىتىش، قەرز بېرىپ تۇرغاندا يېزىپ ھۆججەت قىلىپ قويۇش بۇنىڭ مىسالىدۇر.

**ھارام:** قىلسا جازالىنىدىغان، قىلمىسا ساۋاب بېرىلىدىغان، ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن كاپىر بولىدىغان، مۇكەللەپتىن كەسكىن قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغان ئەمەل بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ كەسكىن دالالىتى بىلەن قەتئىي مەنئى قىلىنغانلىقى ئىسپاتلانغان ئىشلاردۇر. زىنا قىلىش، ھاراق ئىچىش، جازانە يېيىش، ئوغرىلىق قىلىش قاتارلىقلار بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

**مەكرۇھ:** «ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش» دېگەنلىك بولۇپ، «مەكرۇھ تەھرىيمىي» ۋە «مەكرۇھ تەنزىيھىي» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**مەكرۇھ تەھرىيمىي:** قىلمىسا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلسا گۇناھكار بولىدىغان، مۇكەللەپتىن قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدىغان، دەلىلى كۈچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە (قەتئىي بولمىغان) ئەمەل بولۇپ، ھارامدىن بىر دەرىجە تۆۋەنرەك تۇرىدۇ. روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت

كۆنلىرى روزا تۇتۇش قاتارلىقلار بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر.

**مەكرۇھ تەنزىيھىي:** كەسكىن مەنئىي قىلىنمىغان، قىلماسلىق ئەۋزەل بولغان ئەمەلدۇر. تاھارەتسىز ئەزان ئېيتىش، مەسچىتكە بېرىشتىن ئىلگىرى خام سامساق يېيىش، جۈمە كۈنى يۇيۇنماسلىق بۇنىڭ مىساللىرىدۇر.

**مۇباھ:** قىلىش ياكى قىلماسلىق مۇكەللەپنىڭ ئىختىيارىغا قويۇلغان، قىلسا ھېچ گۇناھ ياكى ساۋاب بولمايدىغان ئىشلاردۇر. يېيىش، ئىچىش، ئولتۇرۇش، قوپۇش، ئۇخلاش قاتارلىقلار بۇنىڭ مىساللىرىدىندۇر. ئەمما، مۇباھ ئىشلارنى ياخشى نىيەت بىلەن ئىبادەتكە ئايلاندۇرۇپ، ساۋابقا نائىل بولغىلى بولىدۇ.

**جائىز ياكى دۇرۇس:** قىلسا بولىدۇ، كېرەك يوق دېگەنلىكتۇر.

# بەرنچی باب
# تاهارەتنک بایانی

# تاھارەتنىڭ بايانى

تاھارەتنىڭ سۆزلۈك مەنىسى «چوڭ تەرەت ۋە كىچىك تەرەتكە ئوخشاش سەزگۈر ئەزالار بىلەن بىلىنىدىغان نىجاسەتلەردىن ياكى ئەيىبلىك ئىشلارغا ئوخشاش مەنىۋى نىجاسەتلەردىن پاك بولۇش» دېمەكتۇر. مەسىلەن، «سۇ بىلەن پاك بولدى» دېيىلسە، نىجاسەتتىن پاك بولغانلىقنى؛ «ھەسەتتىن پاك بولدى» دېيىلسە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

شەرئەت ئاتالغۇسىدا تاھارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش، بۇ «ھۆكمىي تاھارەت» دېيىلىدۇ.

2. نىجاسەتتىن پاكلىنىش، بۇ «ھەقىقىي تاھارەت» دېيىلىدۇ.

تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش تاھارەت ئېلىش، غۇسۇل قىلىش ياكى سۇ ئىشلىتىشتىن ئۆزرىلىك بولسا، تەيەممۇم قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

نىجاسەتتىن پاكلىنىش بولسا نىجاسەتنى پاك سۇ، پاك تۇپراق، تاش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تازىلاش ۋە ئاشلاش دېگەندەك پاكلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

# تاھارەتنىڭ ئەھمىيتى

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئىنساننى يارىتىپ، ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك قىلدى؛ ئۇنىڭغا چۈشىنىدىغان ئەقىل، پاراسەت ۋە زوق ئاتا قىلدى؛ ئۇنى ھېسسىي ۋە مەنىۋى پاكلىققا قىزىقىدىغان ئاڭغا ئىگە قىلدى. ئاللاھنىڭ ئىنساننى پاكىزلىققا بۇيرۇپ، تەرغىپ قىلغانلىقى ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

**تاھارەتنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىكى شەرئىي دەلىللىرى**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شەكسىزكى، ئاللاھ كۆپلەپ تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، پاكلانغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**﴾[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمىدۇر**»[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**جەننەتنىڭ ئاچقۇچى نامازدۇر، نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر**»[6].

دېمەك، تاھارەت ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ، ناماز تاھارەتسىز دۇرۇس بولمايدۇ.

---

[4] سۈرە بەقەرە، 222 - ئايەت.
[5] تىرمىزىي، 3519 - ھەدىس
[6] شۇئەبۇلئىيمان، 2711.- ھەدىس

# تاھارەت ئېلىشقا بولىدىغان سۇنىڭ تۈرلىرى

تەبىئىي سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

تەبىئىي سۇ دېگىنىمىز: يارىتىلغان ھالىتىدىكى سۈپەتلىرىنى ساقلاپ قالغان، ھېچقانداق نىجاسەت ئارىلاشمىغان، بىرەر پاك نەرسە ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، سۇلۇق خاراكتېرىدىن چىقىپ كەتمىگەن سۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر تەبىئىي سۇ قاتارىغا كىرىدۇ:

1. يامغۇر سۈيى؛

2. دەريا سۈيى؛

3. قۇدۇق سۈيى؛

4. بۇلاق سۈيى؛

5. دېڭىز سۈيى؛

6. قاردىن ئېرىگەن سۇ؛

7. مۆلدۈردىن ئېرىگەن سۇ.

# سۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى

سۇ تاھارەت ئېلىشقا بولۇش ـ بولماسلىق ئەھۋالىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**1. ئۆزى پاك ھەم پاكلىيالايدىغان، تاھارەت ئېلىشمۇ مەكرۇھ بولمايدىغان سۇ.**

تەبىئىي سۇلار ئۆزى پاك ھەم پاكلىيالايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

**2. ئۆزى پاك ھەم پاكلىيالايدىغان، ئەمما تاھارەت ئېلىش مەكرۇھ بولىدىغان سۇ.**

مۈشۈك، توخۇ، يىرتقۇچ قۇش ۋە يىلان قاتارلىقلار ئىچىپ قويغان سۇلار مۇشۇ تىپتىكى سۇغا تەۋە بولۇپ، تەبىئىي سۇ تېپىلغان ئەھۋالدا بۇنداق سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىش مەكرۇھتۇر. ناۋادا تەبىئىي سۇ تېپىلمىسا، ئۇنى ئىشلىتىش مەكرۇھ بولمايدۇ.

**3. ئۆزى پاك، ئەمما پاكلىيالايدىغانلىقىغا شەك چۈشكەن سۇ.**

ئېشەك ياكى قېچىر ئىچىپ قويغان سۇ مۇشۇ تۈرگە تەۋە بولۇپ، بۇنداق سۇنىڭ پاكلىقىدا شەك يوق، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكىدە شەك بار.

ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا سۇ تېپىلمىسا، ئاشۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىپ، تەيەممۇم قىلىدۇ. تاھارەتنى

تەيەممۇمدىن بۇرۇن ئالسىمۇ، كېيىن ئالسىمۇ بولىدۇ.

**4. ئۆزى پاك، ئەمما پاكلىيالمايدىغان سۇ.**

«ئىشلىتىلگەن سۇ» مۇشۇ تۈردىكى سۇغا تەۋە بولۇپ، ئۆزى پاك بولسىمۇ، پاكلاش خۇسۇسىيىتى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

«ئىشلىتىلگەن سۇ» دېگىنىمىز: تاھارەتسىزلىكنى يوق قىلىش ياكى ساۋاب نىيىتى بىلەن تاھارەت ئۈستىگە تاھارەت ئېلىشقا ئوخشاش ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىش مەقسىتىدە تاھارەت ئالغاندا ياكى غۇسۇل قىلغاندا بىر قېتىم ئىشلىتىلگەن سۇنى كۆرسىتىدۇ.

تاھارەتلىك بىر كىشى سالقىنداش ياكى تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن تاھارەت ئالغاندا ئىشلەتكەن سۇ «ئىشلىتىلگەن سۇ» ھېسابلانمايدۇ.

تاھارەتسىز كىشى سالقىنداش ياكى تاھارەت ئېلىشنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن تاھارەت ئالغاندا ئىشلەتكەن سۇ «ئىشلىتىلگەن سۇ» ھېسابلىنىدۇ.

تاھارەت ئالغۇچى ياكى غۇسۇل قىلغۇچىنىڭ ئەزالىرىدىن ساقىغان سۇ «ئىشلىتىلگەن سۇ»غا ئايلىنىدۇ.

**5. نىجىس سۇ.**

نىجىس سۇ دېگىنىمىز: نىجاسەت بىلەن ئۇچراشقان تۇرغۇن سۇنى كۆرسىتىدۇ.

نىجىس سۇدا نىجاسەتنىڭ بىرەر تەسىرىنىڭ كۆرۈلۈش - كۆرۈلمەسلىكى شەرت قىلىنمايدۇ.

ئەگەر سۇدا نىجاسەتنىڭ بىرەر تەسىرى كۆرۈلسە، سۇ ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، تۇرغۇن سۇ ياكى ئېقىن سۇ بولسۇن، نىجىس ھېسابلىنىدۇ.

بىر تەرەپنى ھەرىكەتلەندۈرسە، يەنە بىر تەرىپى ھەرىكەتلەنمەيدىغان چوڭ كۆلنىڭ سۈيى بولسا، بۇ «كۆپ سۇ» دېيىلىدۇ.

كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4.6 مېتىر، كەڭلىكى 4.6 مېتىر، ئۈگۈچلەپ سۇ ئالغاندا تېگى ئېچىلىپ قالمايدىغان دەرىجىدە چوڭقۇر بولسا، ئۇنىڭ سۈيى «كۆپ سۇ» دەپ قارىلىدۇ. مۇشۇنىڭدىن ئاز بولۇپ قالسا، ئاز سۇ دەپ ھېسابلىنىدۇ.

نىجىس سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ. ھەتتا، بۇنداق سۇ تېگىپ كەتكەن نەرسىمۇ نىجىس بولىدۇ.

دەرەخ ياكى مېۋىدىن چىققان سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئۆزىچە ئېقىپ چۈشكەن سۇ بىلەن سىقىپ چىقىرىلغان سۇنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر.

شورپا ۋە ئىچىملىكلەرگە ئوخشاش قايىنىتىش ئارقىلىق سۇلۇق خۇسۇسىيىتى[7] يوقالغان سۇ بىلەنمۇ تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ.

---

[7] سۇدا رەڭسىز، تەمسىز، پۇراقسىز بولۇش قاتارلىق ئۈچ خىل خۇسۇسىيەت بولىدۇ.

## پاك نەرسە ئارىلىشىپ قالغان سۇنىڭ ھۆكمى

سۇغا سوپۇن، ئۇن، زەپەر دېگەندەك پاك نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، سۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى يوق قىلىۋەتمىگەن بولسا، بۇنداق سۇ پاك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

سۇغا ئارىلاشقان نەرسە كۆپ بولۇپ، سۇنى سۇلۇق تەبىئىتىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسا، بۇنداق سۇ پاك ھېسابلانسىمۇ، تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ.

سۇ ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قالغانلىقتىن، رەڭگى، تەمى، پۇرىقى قاتارلىق سۈپەتلىرى ئۆزگىرىپ قالغان بولسىمۇ، بۇنداق سۇ پاك ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

كۆپ ھاللاردا سۇدا بولىدىغان لەش، يوپۇرماق، مېۋە دېگەندەك نەرسىلەر سۇغا ئارىلىشىپ قالغان بولسا، بۇنداق سۇ پاك ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

سۇغا ئىككى خىل خۇسۇسىيىتى بولغان سۇيۇقلۇق ئارىلىشىپ قېلىپ، بىر خۇسۇسىيىتى سۇدا روشەن مەلۇم بولسا، بۇنداق سۇ سۇلۇق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ. سۈت بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ، چۈنكى سۈت رەڭلىك ۋە تەملىك، ئەمما پۇراقسىزدۇر.

ئەگەر سۇغا سىركىگە ئوخشاش ئۈچ خىل خۇسۇسىيەتلىك نەرسە ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتى سۇنى بېسىپ چۈشكەن بولسا، سۇ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ.

سۇغا ئىشلىتىلگەن سۇ ياكى پۇرىقى يوقالغان گۈل سۈيى دېگەندەك ئۈچ خىل خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بىرەر سۇيۇقلۇق ئارىلىشىپ قالغان بولسا، قايسىسىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن تارازىدا تارتىلىدۇ. مەسىلەن، 900 گىرام ئىشلىتىلگەن سۇ 450 گىرام [8] ساپ سۇغا ئارىلىشىپ قالغان بولسا، ئۇنداق سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە، 450 گىرام ئىشلىتىلگەن سۇ 900 گىرام ساپ سۇغا ئارىلىشىپ قالغان بولسا، بۇنداق سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

[8] كىتابتىكى بىر رەتل دېگەن ئۆلچەم 450 گىرامغا توغرا كېلىدۇ.

# ئاشقان سۇغا ئالاقىدار ھۆكۈملەر

ئاشقان سۇ ــ ئىنسان ياكى ھايۋانلار ئىچكەندىن كېيىن، قاچىدا ئېشىپ قالغان سۇنى كۆرسىتىدۇ. قاچىدىن سۇ ئىچكەن ھايۋاننىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئاشقان سۇغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارمۇ ئۆزگىرىدۇ.

1. مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن، جۇنۇپ ياكى تاھارەتلىك بولسۇن، ھەرقانداق ئادەمزات ئىچىپ ئاشۇرۇپ قويغان سۇ پاك بولۇپ، ئېغىزىدا نىجاسەتنىڭ ئەسىرى بولمىسىلا، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ.

ئاتنىڭ ئاشۇرغان سۈيى پاك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ، مەكرۇھ بولمايدۇ.

تۆگە، كالا، قوي دېگەندەك گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلار ئاشۇرۇپ قويغان سۇلارمۇ پاك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولىدۇ، مەكرۇھ بولمايدۇ.

2. مۈشۈك ئاشۇرۇپ قويغان سۇ پاك بولسىمۇ، تەبىئىي سۇ تېپىلغاندا ئېغىزىدا نىجاسەتنىڭ ئەسىرى بولماسلىق شەرتى بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىش «مەكرۇھ تەنزىيھىي» بولىدۇ.

قارچىغا، لاچىن قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئاشۇرغان سۈيى پاكتۇر، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىش مەكرۇھ.

چاشقان دىگەندەك ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئاشۇرغان سۈيى پاك بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىش مەكرۇھ.

3. قېچىر ۋە ئېشەك ئاشۇرغان سۇ شۈبھىسىز پاك بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشنىڭ دۇرۇس ياكى ئەمەسلىكىدە گۇمان بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن باشقا سۇ تېپىلمىسا، شۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

4. چوشقىنىڭ ۋە ئىتنىڭ ئاشۇرغان سۈيى نىجىس بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ.

شىر، يىلپىز، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئاشۇرغان سۈيىمۇ نىجىس بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىشقا بولمايدۇ.

ئاشۇرغان سۈيى پاك بولغان ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەرمۇ پاكتۇر.

ئاشۇرغان سۈيى نىجىس بولغان ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدىن چىققان تەرمۇ نىجىستۇر.

# قۇدۇق سۈيىگە ئالاقىدار ئەھكاملار

قۇدۇققا ئازراق بولسىمۇ قان ياكى ھاراق تامچىسىغا ئوخشاش نىجاسەت چۈشۈپ كەتسە، قۇدۇقتىكى سۇنىڭ ھەممىنى تارتىۋېتىش ۋاجىب بولىدۇ.

قۇدۇققا چوشقىغا ئوخشاش تېنى نىجىس ھايۋان چۈشۈپ كېتىپ، مەيلى قۇدۇق ئىچىدە ئۆلۈپ قالسۇن ياكى تىرىك چىقسۇن، ئېغىزى سۇغا تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن، قۇدۇقتىكى سۇنىڭ ھەممىنى تارتىۋېتىش ۋاجىب بولىدۇ.

قۇدۇققا تېنى نىجىس ئەمەس، ئاشۇرغان سۈيى نىجىس بولغان ھايۋان چۈشۈپ كەتسىمۇ، قۇدۇقتىكى سۇنىڭ ھەممىنى تارتىۋېتىش ۋاجىب بولىدۇ.

ناۋادا قۇدۇققا بەدىنىدە نىجاسەت بولمىغان بىرەر ئىنسان چۈشۈپ كېتىپ، تىرىك چىققان بولسا، سۇ نىجىس بولمايدۇ.

قۇدۇققا قېچىر، ئېشەك، قارچىغا، لاچىن دېگەندەك ھايۋانلار بەدىنىدە نىجاسەت بولمىغان ھالەتتە چۈشۈپ كېتىپ، ئېغىزى سۇغا تەگمەي، تىرىك چىققان بولسا، سۇ نىجىس بولمايدۇ.

سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ھايۋاننىڭ شۆلگىيى سۇغا ئاققان بولسا، شۇ ھايۋاننىڭ ئاشۇرغان سۈيىنىڭ ھۆكمى قانداق بولسا، شۆلگىيىنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

پـت، چىۋىـن، ھـەرە، چايـان دېگەنـدەك قانىـسىز جانــدارلار قۇدۇققــا چۈشـۈپ كەتكـەن بولسـا، بـۇ قۇدۇقنىـڭ سـۈيى نىجىـس بولمايـدۇ.

بېلىـق، پاقـا، راك دېگەنـدەك سـۇدا تۇغۇلـۇپ، سـۇدا ياشـايدىغان ھايۋانـلار قۇدۇقتـا ئۆلـۈپ قالغـان بولسـا، سـۇ نىجىـس بولمايدۇ.

ئىـت، قويغـا ئوخشـاش چـوڭ ھايۋانــلار قۇدۇقتــا ئۆلـۈپ قالغـان بولسـا ياكـى بىـرەر ئىنسـان ئۆلـۈپ كېتىـپ، بودىلىـپ قېلىشـتىن ئىلگىـرى دەرھـال چىقىرىۋېلىنغـان بولىسـمۇ، سـۇ نىجىـس بولىـدۇ ۋە قۇدۇقتىكـى سـۇنى تارتىۋېتىــش ۋاجىــب بولىــدۇ.

(يۇقىرىــدا دەپ ئۆتۈلگــەن) قۇدۇقتىكــى سـۇنىڭ ھەممىنــى تارتىۋېتىــش ۋاجىــب بولغــان مەســىلىلەرنىڭ ھەممىسـىدە سـۇنىڭ ھەممىنـى تارتىۋېتىـش مۇمكىنچىلىكى بولمىســا، نورمــال چوڭلۇقتىكــى 200 چېلــەك ســۇنى تارتىۋېتىــش كۇپايــە.

قۇدۇقتــا مۈشـۈك ياكـى توخۇغـا ئوخشـاش ھايـۋان ئۆلـۈپ قالغـان بولسـا، 40 چېلـەك سـۇ تارتىۋېتىـش كۇپايـە.

قۇدۇقتـا قۇچقـاچ، چاشـقان دېگەنـدەك ھايـۋان ئۆلـۈپ قالغـان بولسـا، 20 چېلـەك سـۇ تارتىۋېتىش كۇپايـە.

(يۇقىرىقـى ئەھۋالـلاردا) تارتىۋېتىـش ۋاجىـب بولغـان مىقداردىكـى سـۇ چىقىرىۋېتىلسـە، قـۇدۇق سـۈيى پـاك

ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، (سۇ تارتىلغان) چىلەك، ئارغامچا ۋە سۇنى تارتقان كىشىنىڭ قولى قاتارلىقلارمۇ پاك ھېسابلىنىدۇ.

قۇدۇقتا تېزەك، ماياق دېگەندەك نەرسىلەر چۈشۈپ كەتسە، تاشلىغان ھەربىر چېلەككە يامىشۋالىدىغان دەرىجىدە كۆپ بولمىسىلا، نىجىس بولمايدۇ. ئەگەر شۇ دەرىجىدە كۆپ بولسا، قۇدۇق سۈيى نىجىس ھېسابلىنىدۇ.

قۇدۇقتا كەپتەر ياكى قۇچقاچ مايىقى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، قۇدۇق سۈيى نىجىس ھېسابلانمايدۇ.

قۇدۇقتا بىرەر ھايۋان چۈشۈپ كېتىپ، كۆپۈپ قالغان، ئەمما قاچان چۈشۈپ كەتكەنلىكى نامەلۇم بولسا، قۇدۇق سۈيى ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن بېرى نىجىس دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ سۇدىن تاھارەت ئالغان كىشىلەر ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە ئوقۇغان نامازلىرىنى قايتا ئوقۇيدۇ. شۇ مۇددەت ئىچىدە يۇيۇنغان ياكى كىيىملىرىنى يۇغانلار بەدەن ۋە كىيىملىرىنى قايتا يۇيىدۇ.

قۇدۇقتا قاچان چۈشۈپ كەتكەنلىكى نامەلۇم، ئەمما كۆپۈپ قالمىغان ئۆلۈك بىر ھايۋان تېپىلسا، قۇدۇقنىڭ سۈيى پەقەت بىر كېچە - كۈندۈزدىن ئېتىبارەن نىجىس دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ، بىر كېچە - كۈندۈزلۈك نامازنىڭ قازاسى قىلىنىدۇ.

# ھاجەت قىلىشتىكى ئەدەپ - قائىدىلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۇبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئاتاڭلارنىڭ ئورنىدا تەلىم بېرىمەن. بىرىڭلار ھاجەتخانىغا كىرگەندە، قىبلىگە ئالدىنى ياكى كەينىنى قىلمىسۇن، ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلمىسۇن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئىستىنجا قىلغاندا) ئۈچ تاش ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتى، تېزەك ۋە سۆڭەك ئىشلىتىشتىن چەكلەيتتى»[9].

چوڭ ياكى كىچىك تەرەت قىلماقچى بولغان كىشى تۆۋەندىكى ئەدەپ- قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك:

1. بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى، ھاجەت قىلغاندىكى ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالماسلىقى ۋە چىققان پۇراقنى پۇراپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراققا بېرىش؛

2. ھاجىتىنى قىلغاندا چاچراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يۇمشاق ۋە پەس جاينى ئىزدەش؛

3. ھاجەتخانىغا كىرىش ئالدىدا **«ئەركەك ۋە چىشى جىنلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»**[10] دېيىش؛

4. ئوچۇقچىلىقتا ھاجىتىنى قىلماقچى بولغان كىشى كىيىمىنى يەشمەكچى بولغاندا، ئەۋرىتىنى ئېچىشتىن بۇرۇن ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن

---

[9] ئىبنى ماجە، 313 - ھەدىس.

[10] سەھىيھۇلبۇخارىي، -142 ھەدىس.

پاناھلىق تىلەش؛

5. ھاجەتخانىغا سول پۇتى بىلەن كىرىپ، ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىش؛

6. ھاجەت قىلغاندا ۋە ئىستىنجا قىلغاندا بېشىنى ئوچۇق قويماسلىق؛

7. تۆشۈككە سىيمەسلىك، چۈنكى تۆشۈكتە توپا ئاستىدا ياشايدىغان ھاشاراتلار بولۇشى ۋە ئۇلارغا ئازار بېرىپ قويۇشى مۇمكىن؛

8. يولغا ۋە قەبرىستانلىققا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلماسلىق؛

9. كىشىلەر سايىداپ ئولتۇرىدىغان جايلارغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلماسلىق؛

10. كىشىلەر تونۇشسىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدىغان ئورۇنلارغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلماسلىق؛

11. مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئاستىغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلماسلىق؛

12. ھاجەت قىلىۋاتقان كىشىنىڭ ئۆزرىسىز گەپ ـ سۆز قىلىشى مەكرۇھ. لېكىن، بىرەر ئەما كىشىنىڭ ئورەك تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، گەپ قىلىپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇش لازىم؛

13. ھاجەت قىلىۋاتقاندا ۋە ئىستىنجا قىلىۋاتقاندا قۇرئان ئوقۇش ياكى زىكرى ئوقۇش مەكرۇھتۇر؛

14. مەيلى ھاجەتخانىدا ياكى تۈزلەڭلىكتە بولسۇن، قىبلىگە ئالدىنى ياكى كەينىنى قىلىش مەكرۇھ تەھرىيمىي بولىدۇ؛

15. ئازغىنا تۇرغۇن سۇغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش مەكرۇھ تەھرىيمىي بولىدۇ؛

16. ئېقىن سۇغا ياكى كۆپ تۇرغۇن سۇغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش مەكرۇھ تەنزىيھىي بولىدۇ؛

17. يۇيۇنىدىغان ئورۇنغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش مەكرۇھ بولىدۇ؛

18. قۇدۇق، ئۆستەڭ، كۆل قاتارلىقلارنىڭ يېنىغا چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش مەكرۇھتۇر؛

19. ئوچۇقچىلىقتا ئىستىنجا قىلىش ئۈچۈن ئەۋرىتىنى ئېچىش مەكرۇھتۇر؛

20. ئۆزرىسىز ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلىش مەكرۇھتۇر؛

21. ئۆزرىسىز ئۆرە تۇرۇپ سىيىش مەكرۇھتۇر، چۈنكى سۈيدۈك چاچراندىلىرى بەزىدە بەدەنگە ياكى كىيىملەرگە چاچراپ كېتىدۇ؛

22. ھاجەتنى قىلىپ بولغاندا ھاجەتخانىدىن ئوڭ پۇتى بىلەن چىقىپ، «مەندىن ئەزىيەتنى كەتكۈزۈپ، خاتىرجەم قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن»[11] دېيىش.

---

[11] ئىبنى ماجە، 301 ـ ھەدىس.

# ئىستىنجاغا ئالاقىدار ئەھكاملار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئۇ مەسچىتتە (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**﴾[12].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«سۈيدۈكتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى قەبرە ئازابىنىڭ كۆپىنچىسى سۈيدۈك سەۋەبلىك بولىدۇ»**[13].

ئىستىنجادىن بۇرۇن ئىستىبرا قىلىش لازىم. ئىستىبرا — سۈيدۈك ياكى چوڭ تەرەت چىققان جاينى نىجاسەتتىن ئەسەر قالمىدى دەپ قارىغانغا قەدەر تازىلاش دېمەكتۇر.

ئىستىبرا قىلغاندا ئۆرە تۇرۇش، مېڭىش، پۇتىنى سىلكىش، يۆتىلىش ياكى باشقا بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئادەتلەنگەن كىشى شۇنداق قىلسۇن.

ئىستىنجاغا كەلسەك، ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تەپسىلىي ھۆكۈملىرى بار:

نىجاسەت تەڭگە (مەقەت) مىقداردىن چوڭراق جايغا تاراپ كەتكەن بولسا، ئۇنى سۇ بىلەن يۇيۇش پەرزدۇر. شۇ پېتى ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

---

[12] سۈرە تەۋبە، 108 ـ ئايەت.

[13] سۈنەن دار قۇتنىي، 464 ـ ھەدىس.

نىجاسەت مەقەت مىقدارىچىلىك چوڭلۇقتا بولسا، سۇ بىلەن تازىلىنىۋېتىش ۋاجىبتۇر.

نىجاسەت مەقەت مىقدارىدىن ھالقىپ كەتمىگەن بولسا، سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلىش سۈننەتتۇر.

ئىستىنجادا پەقەت سۇ بىلەنلا كۇپايىلىنىشكىمۇ بولىدۇ.

نىجاسەت تەڭگە ياكى مەقەت مىقدارىغا يەتمىسە، تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن كۇپايىلەنسىمۇ جائىز. شۇنداقتىمۇ سۇ بىلەن يۇيۇش ئەۋزەلدۇر.

ئاۋۋال تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تازىلىۋېتىپ، ئاندىن سۇ بىلەن يۇيۇش ئەۋزەلرەك. چۈنكى، مۇشۇنداق قىلغاندا، تازىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

ئۈچ تاش بىلەن ئىستىنجا قىلىش مۇستەھەبتۇر. ئىككى ياكى بىر تاش بىلەن كۇپايىلىنىش پاكىزلانغان بولۇش شەرتى بىلەن جائىزدۇر.

نىجاسەت چىققان ئورۇن تاش بىلەن سۈرتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال قول، ئاندىن يەرلىك ئورۇن يۇيۇلىدۇ ۋە پۈراق يوقالغانغا قەدەر ياخشى تازىلىنىدۇ.

## نىجاسەتنىڭ تۈرلىرى ۋە ئەھكاملىرى

ئاللاھ تائالا: ﴿**كىيىمىڭنى پاك تۇت**﴾ دېگەن[14].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**ئاللاھ تاھارەتسىز ئوقۇلغان نامازنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن**[15].

نىجاسەت ــ بەدەن، كىيىم ۋە ئورۇن قاتارلىقلارنىڭ شەرئەت نىجىس ھېسابلاپ، پاكلىنىشقا بۇيرۇغىدەك ھالغا يېتىپ قېلىشىدۇر.

نىجاسەت تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

**1. ھۆكمىي نىجاسەت؛ 2. ھەقىقىي نىجاسەت.**

ھۆكمىي نىجاسەت دېگىنىمىز:ئىنسانىنىڭ ناماز ئوقۇشى جائىز بولمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدۇر. ھۆكمىي نىجاسەت يەنە «تاھارەتسىزلىك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تاھارەتسىزلىك مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1) چوڭ تاھارەتسىزلىك: بۇ، كىشىنىڭ غۇسۇل ۋاجىب بولۇپ، ناماز ئوقۇيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدۇر. بۇنداق چاغدا يەنە قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.

2) كىچىك تاھارەتسىزلىك: بۇ، ئىنسانىنىڭ تاھارەت ئېلىشى ۋاجىب بولىدىغان ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدۇر. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ناماز ئوقۇشى دۇرۇس بولمايدۇ،

---

[14] سۈرە مۇددەسسىر، 4 - ئايەت.

[15] سەھىھ مۇسلىم، 224 - ھەدىس.

لېكىن قۇرئان كەرىمنى (تۇتماي) تىلاۋەت قىلسا بولىدۇ.

ھەقىقىي نىجاسەت دېگىنىمىز: مۇسۇلمان قەتئىي ساقلىنىشقا تېگىشلىك، يۇقۇپ قالسا، يۇيۇۋېتىشى ۋاجىب بولىدىغان نىجاسەتتۇر.

ھەقىقىي نىجاسەتمۇ ئېغىر نىجاسەت ۋە يەڭگىل نىجاسەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**ئېغىر نىجاسەت:** بۇ، نىجاسەتلىكى قەتئىي دەلىللەر بىلەن بېكىتىلگەن نىجاسەتتۇر.

**ئېغىر نىجاسەتنىڭ مىساللىرى:**

1. ئاققان قان؛

2. ھاراق؛

3. ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تېرىسى ۋە گۆشى؛

4. گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ سۈيدۈكى؛

5. ئىتنىڭ ئاشۇرۇپ قويغان سۈيى؛

6. يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئاشۇرغان سۈيى ۋە شۆلگىيى؛

7. توخۇ ۋە ئۆردەكنىڭ پوقى؛

8. ئىنساننىڭ بەدىنىدىن چىقىشى بىلەنلا تاھارەت سۇنۇپ كېتىدىغان ھەرقانداق نەرسە.

## ئېغىر نىجاسەتنىڭ ھۆكمى

ئېغىر نىجاسەتنىڭ چوڭلۇقى تەڭگە مىقدارىچىلىك بولسا، ئەپۇ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسا، ئۇنى سۇ ياكى نىجاسەتنى يوقىتىدىغان نەرسە بىلەن يۇيۇش ۋاجىبتۇر. شۇ پېتى ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

**يەڭگىل نىجاسەت:** بۇ، پاكلىقنى بىلدۈرىدىغان باشقا بىر دەلىل بولغانلىقتىن، كەسكىن «نىجىس» دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان نىجاسەتتۇر.

## يەڭگىل نىجاسەتنىڭ مىساللىرى:

1. ئاتنىڭ سۈيدۈكى؛

2. تۆگە، كالا، قويغا ئوخشاش گۆشى ھالال بولغان ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكى؛

3. گۆشى ھارام ئۇچار قۇشلارنىڭ مايىقى؛

## يەڭگىل نىجاسەتنىڭ ھۆكمى

يەڭگىل نىجاسەت كۆپ بولمىسىلا ئەپۇ قىلىنىدۇ. يۇقۇپ قالغان كىيىمنىڭ ياكى بەدەننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىگەن يەڭگىل نىجاسەت كۆپ ھېسابلىنىدۇ.

يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك (ئۇششاق) چاچرىغان سۈيدۈك ئەپۇ قىلىنىدۇ.

نىجاسەت يۇققان كىيىم ياكى كۆرپە ئۇخلىغان كىشىنىڭ تەرلىشى ياكى پۇتىنىڭ ھۆللۈكى سەۋەبلىك ھۆل بولۇپ قېلىپ، بەدەن ياكى پۇتتا نىجاسەتنىڭ

ئـىزى كۆرۈلسـە، بـەدەن ياكـى پۈت نـىجـىس دەپ ھۆكـۈم قىلىنىـدۇ؛ نـىجاسـەتنىڭ ئـىزى كۆرۈلمىسـە، نـىجـىس دەپ قارالمايـدۇ.

ھـۆل كـىيـىم نـىجـىس، ئەمما قـۇرۇق يەرگـە يېيىلـىپ، يـەر نەملىشـىپ قالغـان بولسـا، كـىيىمـدە نـىجاسـەتنىڭ ئـىزى كۆرۈلمىسـە، نـىجـىس دەپ ھۆكـۈم قىلىنمايـدۇ.

سىقىلسـا سـۇ چىقمىغـۇدەك پـاك ھـەم قـۇرۇق كـىيـىم نـىجـىس، ھـۆل كـىيـىم بىلـەن ئـوراپ قويۇلسـا، پـاك كـىيىم نـىجـىس دەپ ھۆكـۈم قىلىنمايـدۇ.

شـامال چىقـىپ، نـىجاسـەتنى ئۇچـۇرۇپ ئەكېلىـپ ھۆل كىيىمگـە تېگـىپ كـەتكـەن بولسـا، كـىيىمـدە نـىجاسـەتنىڭ ئـىزى كۆرۈلسـە، نـىجـىس؛ ئـىزى كۆرۈلمىسـە، نـىجـىس ئەمـەس دەپ ھۆكـۈم قىلىنىـدۇ.

## نـىجاسـەت قانداق تازىلىنىدۇ؟

نـىجاسـەت قـان ۋە چـوڭ تەرەتكە ئوخشـاش كۆز بىلـەن كۆرۈلىدىغـان نەرسـە بولسـا، نـىجاسـەتنىڭ ئـۆزى يۇيـۇپ چىقىرىۋېتىلگەندىـن كېيـىن، (كـىيـىم ياكـى بـەدەن) پـاك بولـىدۇ. بۇنىڭـدا نـىجاسـەتنىڭ بىـر ياكـى بىرقانچـە قېتىم يۇيۇلـۇش بىلـەن پـاك بولۇشـىنىڭ پەرقـى بولمايـدۇ.

نـاۋادا نـىجاسـەتنىڭ رەڭگـى ياكـى پۇرىقىغا ئوخشـاش يوقىتىلىشى قىيىـن بولغـان ئـىزى قالغـان بولسـا، (يۇقـۇپ قالغـان نەرسـىنىڭ پـاك بولۇشـىغا) بۇنىـڭ ھېـچ

تەسىرى بولمايدۇ.

ئەگەر نىجاسەت سۈيدۈككە ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسە بولسا، كىيىم ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا يېڭى سۇ ئىشلىتىلىپ، سۇ تامچىلىمىغانغا قەدەر سىقىپ يۇيۇلسا، پاك بولىدۇ.

بەدەن ۋە كىيىمدىكى ھەقىقىي نىجاسەت سۇ بىلەنمۇ پاكلىنىدۇ، سىركە ۋە گۈل سۈيىگە ئوخشاش نىجاسەتنى تازىلاش مۇمكىن بولىدىغان ھەرقانداق سۇيۇقلۇق بىلەنمۇ پاكلىنىدۇ. ئەمما، سىركە ۋە گۈل سۈيى بىلەن تاھارەت ئېلىش جائىز بولمايدۇ.

ئاياغ ۋە ئۆتۈك قاتارلىقلار يۇيۇش ئارقىلىق پاك بولىدۇ.

ئاياغنىڭ ئاستىدا ھۆل ياكى قۇرۇق بولسۇن، جىسمى بار ھەرقانداق نىجاسەت بولسا، پاك تۇپراققا سۈرتۈش بىلەن پاك بولىدۇ.

قىلىچ، پىچاق، ئەينەك ۋە سىرلىق قاچا ـ قۇچا قاتارلىقلار سۈرتۈۋېتىش بىلەن پاك بولىدۇ.

زېمىندىكى نىجاسەت قۇرۇپ، ئىزى قالمىغان بولسا، پاك ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۈستىدە ناماز ئوقۇش جائىز بولىدۇ، بىراق تەيەممۇم قىلىشقا بولمايدۇ.

نىجاسەتنىڭ ۋۇجۇدى ئۆزگىرىپ، تۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، پاك ھېسابلىنىدۇ.

نىجاسەت ئوت بىلەن كۆيۈپ كەتسە، پاك ھېسابلىنىدۇ.

ئىنساندىن چىققان مەنىي كىيىم ياكى بەدەنگە يۇققاندىن كېيىن قۇرۇپ قالغان بولسا، ئۇۋۇلاپ چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق پاك بولىدۇ. ئەمما، مەنىي ھۆل بولسا، كىيىم ياكى بەدەن يۇيۇلمىغۇچە پاك بولمايدۇ.

ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئاشلىنىش بىلەن پاك بولىدۇ، ئەمەلىي ئاشلانسۇن ياكى ھۆكمىي ئاشلانسۇن، بۇنىڭدا ھۆكۈم ئوخشاش.

چوشقىنىڭ تېرىسى ئاشلانسۇن ياكى ئاشلانمىسۇن، قەتئىي پاك بولمايدۇ.

گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ تېرىسى شەرئەت ئۆلچىمى بويىچە بوغۇزلاش بىلەن پاك بولىدۇ[16].

كېسىۋېتىلگەن چاچ، تۈك، مۈڭگۈز، تۇياق ۋە سۆڭەك قاتارلىق ئاقىدىغان قېنى يوق، ھەرقانداق مايسىز نەرسە (ھايۋان) ئۆلۈش بىلەن نىجىس ھېسابلانمايدۇ. مايلىق بولسا، نىجىس ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ پەيلىرى نىجىستۇر.

ئېپار پاك بولغاندەك (كېيىكتىكى) ئېپار يىغىلىدىغان تېرىمۇ پاك، ئۇ تېرىنى يېيىش ھالالدۇر.

---

[16] ئاشلانغاندىن كېيىن پاك بولىدۇ.

# تاھارەت

«تاھارەت» كەلىمىسى شەرئەت ئاتالغۇسىدا يۈز، ئىككى قول، ئىككى پۇتنى يۇيۇش ۋە باشقا مەسھ قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇئەييەن ئەزالارغا سۇ ئىشلىتىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ يىغىندىسىنىڭ ئىسمىدۇر.

(الوَضوء) تاھارەت ئېلىنىدىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمنى تاھارەتسىز تۇتۇشقا بولمايدۇ.

داۋاملىق تاھارەت بىلەن يۈرگەن كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئاخىرەتتە دەرىجىسى يۇقىرى بولىدۇ.

تاھارەت نامازنىڭ دۇرۇسلۇقى ئۈچۈن شەرتتۇر.

## تاھارەتنىڭ ھۆكمى

ئاللاھ: **﴿ئى مۇئمىنلەر! (سىلەر تاھارەتسىز بولۇپ) ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسھ قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾** دەيدۇ[17].

**پەيغەمبەرىمىز: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار تاھارىتىنى سۇندۇرغان بولسا، تاكى تاھارەت ئالمىغۇچە ئاللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ»** دەيدۇ [18].

---

[17] سۈرە مائىدە، 6 - ئايەت.

[18] سەھىيھۇلبۇخارىي، 135 - ھەدىس.

# تاھارەتنىڭ ئەركانلىرى

تاھارەتنىڭ ئەركانلىرى يەنى پەرزلىرى تۆتتۇر:

1. يۈزنى بىر قېتىم يۇيۇش. پېشانىنىڭ ئۈستىدىن ئېڭەكنىڭ ئاستىغىچە، بىر قۇلاقتىن يەنە بىر قۇلاققىچە بولغان ئارىلىق يۈز دېيىلىدۇ؛

2. ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇيۇش؛

3. باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسىھ قىلىش؛

4. ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ بىر قېتىم يۇيۇش.

### تاھارەتنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى

تاھارەت تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت ھازىرلانغاندىلا دۇرۇس بولىدۇ، بۇلار تولۇق بولمىغۇچە تاھارەتتىن كۆزلىگەن مەقسەت ھاسىل بولمايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. تاھارەت ئالغاندا يۇيۇشقا تېگىشلىك پۈتۈن ئەزالارغا سۇنىڭ يېتىشى؛

2. شام، خېمىر دېگەندەك سۇنىڭ تېرىگە يېتىشىنى توسۇپ قويىدىغان بىرەر نەرسىنىڭ بولماسلىقى؛

3. تاھارەتنى بۇزىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرمەسلىكى؛

تاھارەت ئېلىۋاتقاندا تاھارەتنى بۇزىدىغان بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، تاھارەت دۇرۇس بولمايدۇ.

## تاھارەتنىڭ ۋاجىب بولۇش شەرتلىرى

تاھارەت ئېلىش تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان كىشىگىلا ۋاجىب بولىدۇ:

1. بالاغەتكە يېتىش. نارەسىدىگە تاھارەت ۋاجىب بولمايدۇ.

2. ئەقلى - ھوشى نورمال بولۇش. ساراڭغا تاھارەت ۋاجىب بولمايدۇ.

3. مۇسۇلمان بولۇش. كاپىرغا تاھارەت ۋاجىب بولمايدۇ.

4. ھەممە ئەزاغا يەتكۈدەك سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولۇش. ئەگەر سۇ ئىشلىتىشتىن ئاجىز كەلسە، تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

5. كىچىك تاھارەتسىزلىك. تاھارىتى بار ئادەمگە تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

6. چوڭ تاھارەتسىزلىكتىن خالىي بولۇش. غۇسۇل پەرز بولغان كىشىگە تاھارەت ئېلىش كۇپايە قىلمايدۇ.

7. ۋاقىتنىڭ تارلىقى. ئەگەر ۋاقىت كەڭ بولسا، دەرھال تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولمايدۇ، كېچىكتۈرۈپ ئالسىمۇ جائىزدۇر.

## تاھارەتكە مۇناسىۋەتلىك تارماق ھۆكۈملەر

ساقال قويۇق بولسا، ساقالنىڭ ئۈستىنى يۇيۇش

ۋاجىب، ئەمما شالاڭ بولسا، ئۈستى قىسمىنىلا يۇيۇش كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى سۈنى تېرىگە يەتكۈزۈش ۋاجىب بولىدۇ.

ساقالنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇش ھەم مەسھە قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ.

تىرناقتا شام ۋە خېمىرغا ئوخشاش سۈنىڭ تېرىگە يېتىشىنى توسۇپ قويىدىغان بىرەر نەرسە بولسا، ئۇنى چىقىرىۋېتىپ، ئاستىنى يۇيۇۋېتىش ۋاجىب.

تىرناق ئۆزىراپ، بارماقنىڭ ئۇچىدىن ھالقىپ كەتسە، سۈنىڭ تېرىگە يېتىشى ئۈچۈن ئۇنى كېسىۋېتىش ۋاجىب.

تىرناقتىكى كىر ياكى بۆرگىنىڭ پوقى سۈنىڭ تېرىگە يېتىشىنى توسۇپ قالغۇچى ھېسابلانمايدۇ.

تار ئۆزۈكنى مىدىرلاتمىغۇچە تېرىگە سۇ يەتمەيدىغان بولسا، مىدىرلىتىش ۋاجىب.

پۇتنىڭ يېرىقلىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇش زىيانلىق بولسا، يېرىق ئۈستىگە قويغان دورا ئۈستىدىن سۇ ئېقىتىش كۇپايە.

تاھارەت ئالغاندا باشقا مەسھە قىلىپ بولغاندىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرۈۋەتسە، قايتا مەسھە قىلمايدۇ.

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تىرنىقىنى ئالسا ياكى بۇرۇتىنى قىسقارتسا، قايتا يۇيۇش ۋاجىب بولىدۇ.

## تاھارەتنىڭ سۈننەتلىرى

تاھارەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىشلار سۈننەت بولۇپ، تاھارەتنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا ئەمەل قىلىش ئەۋزەل:

1. تاھارەتنى باشلاشتىن بۇرۇن نىيەت قىلىش؛

2. «بىسمىللاھ» دېيىش؛

3. ئىككى قولنى بېغىشىغىچە يۇيۇش؛

4. مىسۋاك ئىشلىتىش، تاپالمىسا بارمىقىنى بولسىمۇ مىسۋاكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىش؛

5. ئاغزىنى چايقاش؛

6. بۇرنىنى چايقاش؛

7. روزىدار بولمىسىلا ئاغزى ۋە بۇرنىنى راسا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چايقاش؛

8. ھەر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇش؛

9. باشنىڭ ھەممە يېرىگە بىر قېتىم مەسھ قىلىش؛

10. ئىككى قۇلىقىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى (ھۆل قول بىلەن) سىلاش؛

11. ساقالنى ئاستىدىن (نەم بارماقلىرى بىلەن) ئارىلاش؛

12. بارماقلارنىڭ ئارىسىنى ئارىلاش؛

13. ھەر ئەزانى سىلاپ يۇيۇش؛

14. بىر ئەزا قۇرۇپ بولغۇچە يەنە بىرىنى يۇيۇش؛

15. ئەزالارنى يۇيۇشتا تەرتىپكە رىئايە قىلىش، مەسىلەن، ئاۋۋال يۈزىنى، ئاندىن ئىككى قولىنى يۇيۇش، ئاندىن بېشىغا مەسھ قىلىش، ئاندىن ئىككى پۇتىنى يۇيۇش؛

16. ئوڭ قولىنى سول قولدىن بۇرۇن، ئوڭ پۇتىنى سول پۇتىدىن بۇرۇن يۇيۇش؛

17. مەسھنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاش؛

18. گەدەنگە مەسھ قىلىش.

## تاھارەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى

تاھارەتتە تۆۋەندىكى ئىشلار مۇستەھەب بولىدۇ:

1. تاھارەت ئالغاندا ئىشلىتىلگەن سۇ (كىيىم ياكى بەدەنگە) چاچراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېگىزرەك ئورۇندا ئولتۇرۇش؛

2. قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئولتۇرۇش؛

3. باشقىلاردىن ياردەم سورىماسلىق؛

4. كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشماسلىق؛

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېتىپ كەلگەن دۇئالارنى ئوقۇش؛

6. دىلدىكى نىيەت بىلەن تىلدىكى نىيەتنى

بىرلەشتۈرۈش؛

7. ھەر ئەزانى يۇغاندا بىسمىللاھ دېيىش؛

8. ئىككى قولاقنى مەسىھ قىلغاندا، ھۆل قىلىنغان چىمچىلاق بارمىقىنى قۇلاققا كىرگۈزۈش؛

9. ئۈزۈكى كەڭ بولسىمۇ مىدىرلىتىش (ئۈزۈك تار بولسا، تاھارەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن مىدىرلىتىش ۋاجىب)؛

10. ئېغىز - بۇرۇننى چايقاش ئۈچۈن سۇنى ئوڭ قول بىلەن ئېلىش؛

11. بۇرۇننى قېقىش ئۈچۈن سول قولنى ئىشلىتىش؛

12. ھەر نامازنىڭ ۋاقتىدا تاھارەت ئېلىش ۋاجىب بولىدىغان ئۆزرىلىك كىشىلەرنىڭ ھۆكمىدە بولمىسىلا، ناماز ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش؛

13. تاھارەت ئېلىپ بولغاندا قىبلە تەرەپكە قاراپ، ئۆرە تۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلىش: **«بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يېگانىدۇر، ھېچ شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. ئى ئاللاھ! مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلغىن، پاكلانغۇچىلاردىن قىلغىن!»**[19].

---

[19] سەھىھ مۇسلىم، 234 - ھەدىس.

### تاھارەتنىڭ مەكرۇھلىرى

تاھارەتتە تۆۋەندىكى ئىشلار مەكرۇھ بولىدۇ:

1. سۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلىش؛

2. سۇنى نورمالدىن ئاز ئىشلىتىش؛

3. سۇ بىلەن يۈزگە ئۇرۇش؛

4. تاھارەت ئېلىۋاتقاندا دۇنيالىق ھەققىدە پاراڭلىشىش؛

5. (ئۆزرىسىز) باشقىلاردىن تاھارەتكە ياردەم سوراش، ئۆزرىلىك بولسا كېرەك يوق؛

6. باشقا ئۈچ قېتىم مەسىھ قىلىش ۋە ھەر قېتىمدا يېڭىدىن سۇ ئىشلىتىش.

### تاھارەتنىڭ تۈرلىرى

تاھارەت ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. پەرز تاھارەت؛

2. ۋاجىب تاھارەت؛

3. مۇستەھەب تاھارەت.

### تاھارەت ئېلىش قاچان پەرز بولىدۇ؟

تۆۋەندىكى تۆت ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش ئۈچۈن تاھارەتسىز كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىشى پەرز بولىدۇ:

1. پەرز ياكى نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا؛
2. مېيىت نامىزى ئوقۇماقچى بولغاندا؛
3. تىلاۋەت سەجدىسى قىلماقچى بولغاندا؛
4. قۇرئان كەرىمنى تۇتماقچى بولغاندا؛
5. تاھارەتسىز كىشى تام، قەغەز ياكى تەڭگە دېگەندەك نەرسىلەرگە يېزىلغان ئايەتنى تۇتماقچى بولغاندا.

**تاھارەت ئېلىش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟**

تاھارەتسىز كىشىنىڭ بىرلا ئىش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىشى ۋاجىب. ئۇ بولسىمۇ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتۇر.

**تاھارەت ئېلىش قاچان مۇستەھەب بولىدۇ؟**

تۆۋەندىكى ئىشلار ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش مۇستەھەب بولىدۇ:
1. تاھارەت بىلەن ئۇخلاش ئۈچۈن؛
2. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا؛
3. ھەمىشە تاھارەت بىلەن يۈرۈش ئۈچۈن؛
4. ساۋاب نىيىتى بىلەن تاھارەت ئۈستىگە تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن؛
5. غەيۋەت، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق ۋە شۇنىڭدەك ھەرقانداق خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن؛
6. مەزمۇنى ناچار بىرەر شېئىر ئوقۇغاندىن كېيىن؛
7. نامازنىڭ سىرتىدا قاقاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن؛
8. مېيىتنى يۇيۇش ئۈچۈن؛

9. مېيىتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن؛

10. ھەر ناماز ۋاقتىدا؛

11. جۈنۈپلۇقتىن يۇيۇنۇش ئالدىدا؛

12. جۈنۈپ كىشى يېمەكچى، ئىچمەكچى ۋە ئۇخلىماقچى بولغاندا؛

13. غەزەپلەنگەندە؛

14. قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلماقچى بولغاندا؛

15. ھەدىس ئوقۇماقچى ۋە رىۋايەت قىلماقچى بولغاندا؛

16. شەرئەت ئىلىملىرىنى ئوقۇماقچى بولغاندا؛

17. ئەزان ئوقۇش ئۈچۈن؛

18. تەكبىر ئوقۇش ئۈچۈن؛

19. خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن؛

20. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن؛

21. ئەرەفات تېغىدا تۇرۇش ئۈچۈن؛

22. سەفا - مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش ئۈچۈن.

# تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار

تۆۋەندىكى ئىشلاردىن قانداق بىرى يۈز بەرسە، تاھارەت بۇزۇلىدۇ:

1. ئىنساننىڭ ئىككى (نىجاسەت) يولىنىڭ بىرىدىن سۈيدۈك، چوڭ تەرەت ياكى يەلگە ئوخشاش نەرسىلەر چىقسا؛

2. بەدەنىنىڭ قايسىبىر يېرىدىن قان - يىرىڭ چىقىپ، ئەتراپقا تارىسا؛

3. ئېغىزدىن چىققان قان تۈكۈرۈكتىن كۆپ ياكى تەڭ بولسا؛

4. تاماق، سۇ، قۇرت دېگەندەك نەرسىلەرنى قۇسقان ۋە قۇسۇق ئېغىز توشقىچىلىك بولسا؛

5. ئۇخلىغان بولسىمۇ، كاسىسى يەرگە تەگمىگەن بولسا، شۇنىڭدەك ئويغىنىشتىن بۇرۇن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا؛

6. ھوشىدىن كەتكەن بولسا؛

7. ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا؛

8. مەست بولۇپ قالغان بولسا؛

9. بالاغەتكە يەتكەن كىشى ئويغاق تۇرۇپ رۇكۇ ۋە سەجدىلىك نامازدا قاقاقلاپ كۈلسە.

نارەسىدە بالا قاقاقلاپ كۈلسە، تاھارىتى بۇزۇلمايدۇ.

# تاھارەت بۇزۇلمايدىغان ئىشلار

تۆۋەندىكى ئىشلار تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللارغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، تاھارەتنى بۇزمايدۇ:

1. بەدەننىڭ بىرەر يېرىدىن قان چىقىپ، ئاقماستىن، ئۆز ئورنىدا توختاپ قالغان بولسا؛

2. جاراھەتتىن ياكى قۇلاقتىن قۇرت چىققان بولسا؛

4. قۇسۇق ئېغىز توشقۇچىلىك بولمىسا؛

5. بەلغەم؛

6. ناماز ئوقۇغاندا ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان ياكى سۈننەت بويىچە رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان ھالدا مۈگدەپ قالغان بولسا؛

7. كاسىسى يەرگە تەگكەن ھالدا ئۇخلىغان بولسا؛

8. ئايال زاتىنى تۇتسا؛

9. زەكىرىنى تۇتسا؛

10. مۈگدىگەن كىشى ئېغىپ كەتسە.

# غۇسۇل

«غۇسۇل» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى «بىر نەرسە ئۈستىگە سۇ ئېقىتىش»نى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئەرەب تىلىدىكى «غسل - يغسل» پېئىلىدىن تۈرلىنىپ چىققان ئىسىمدۇر.

شەرىئەت ئىستىمالىدا «پۈتۈن بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇش»نى كۆرسىتىدۇ.

**غۇسۇلنىڭ يولغا قويۇلۇشى**

غۇسۇل مەيلى پاكلىنىش نىيىتى بىلەن ياكى تاھارەتسىزلىكنى يوق قىلىش نىيىتى بىلەن بولسۇن، ئىبادەتنىڭ شەرتى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان ئىبادەتتۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسلەر ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى ئورنىغا دالالەت قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئاندا بىرقانچە ئايەت بار بولۇپ، ﴿**ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**﴾[20] دېگەن ئايەت شۇلاردىن بىرىدۇر. بۇ يەردىكى پاك بولغۇچىلار تاھارەتسىزلىكتىن، ماددىي ۋە مەنىۋى

---

[20] سۇرە بەقەرە، 222 - ئايەت.

نىجاسەتلەردىن پاك بولغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەقتە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرقانچە ھەدىسىمۇ بار بولۇپ، ئىمام بۇخارىينىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«ھەر مۇسۇلماننىڭ ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم غۇسۇل قىلىشى يەنى بېشىنى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇشى ۋاجىبتۇر»**[21].

## غۇسۇلنىڭ پەرزلىرى

غۇسۇلدا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش پەرزدۇر:

1. ئېغىزنى چايقاش؛

2. بۇرۇننى چايقاش؛

3. ھېچ يەر قۇرۇق قالمىغۇچە پۈتۈن بەدىنگە سۇ تەگكۈزۈش.

## غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرى

غۇسۇل قىلغاندا تۆۋەندىكى ئىشلار سۈننەت بولۇپ، غۇسۇلنىڭ كامىل بولۇشى ئۈچۈن بۇلارغا رىئايە قىلىش لازىمدۇر:

1. غۇسۇلنى باشلاشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېيىش؛

2. پاكلىنىش ئۈچۈن غۇسۇل قىلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلىش؛

---

[21] سەھىيھۇلبۇخارىي، 897 - ھەدىس.

3. تاھارەتتىكىگە ئوخشاش قوللىرىنى بېغىشىغىچە يۇيۇش؛

4. بەدەندە ياكى كىيىمدە نىجاسەت بولسا، غۇسۇلدىن ئاۋۋال يۇيۇپ تازىلاش؛

5. غۇسۇلدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش. سۇ يىغىلىۋالىدىغان پەس يەردە تۇرۇپ غۇسۇل قىلغان بولسا، ئاخىردا پۇتىنى يۇيۇش؛

6. پۈتۈن بەدەننى ئۈچ قېتىم يۇيۇش؛

7. سۇنى ئاۋۋال بېشىغا، ئاندىن ئوڭ مۈرىسىگە، ئاندىن سول مۈرىسىگە قۇيۇش؛

8. بەدىنىنى ئۇۋۇلاش؛

9. دەسلەپتە يۇغان ئەزا قۇرۇپ قالماستا، كېيىنكى ئەزانى ئارقىمۇئارقا يۇيۇش.

بىراۋ ئېقىن سۇ ئىچىگە كىرىپ، بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ يۇسا، غۇسۇلنىڭ سۈننەتلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلغان بولىدۇ. چوڭ كۆلگە ئوخشاش ئېقىن سۇنىڭ ھۆكمىگە كىرىدىغان سۇغا كىرسىمۇ، ھۆكۈم يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

### غۇسۇلنىڭ تۈرلىرى

غۇسۇل ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. پەرز غۇسۇل؛

2. سۈننەت غۇسۇل؛

3. مۇستەھەب غۇسۇل.

**غۇسۇل قاچان پەرز بولىدۇ؟**

مۇنداق تۆت ئىشنىڭ بىرىدە غۇسۇل پەرز بولىدۇ:

1. جۇنۇپ بولغاندا؛

2. ئايال كىشى ھەيزدىن پاك بولغاندا؛

3. ئايال كىشى نىفاستىن پاك بولغاندا؛

4. بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ قالغاندا (مېيىتنى غۇسۇل قىلدۇرۇش تىرىكلەرگە پەرزدۇر).

**غۇسۇل قاچان سۈننەت بولىدۇ؟**

تۆت ئىش ئۈچۈن غۇسۇل قىلىش سۈننەت بولىدۇ:

1. جۈمە نامىزى؛

2. ئىككى ھېيت نامىزى؛

3. (ھەج ياكى ئۆمرىگە) ئېھرام باغلاش؛

4. ھەج قىلغان كىشىگە نىسبەتەن ئەرەپاتتا كۈن قايرىلغاندىن كېيىن.

**غۇسۇل قاچان مۇستەھەب بولىدۇ؟**

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا غۇسۇل قىلىش مۇستەھەب بولىدۇ:

1. قەدىر كېچىسىدە؛

2. كۈن ياكى ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز ئۈچۈن؛

3. يامغۇر تىلەش نامىزى ئوقۇش؛

4. قورقۇنچ يۈز بەرگەندە؛

5. قاراڭغۇ زۇلمەتتە؛

6. قاتتىق بوران چىققاندا؛

7. يېڭى كىيىم كىيگەندە؛

8. گۇناھتىن تەۋبە قىلغاندا؛

9. سەپەردىن كەلگەندە؛

10. مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كىرمەكچى بولغاندا؛

11. مەككە مۇشەررەفەگە كىرمەكچى بولغاندا؛

12. قۇربان ھېيت كۈنى سەھەردە مۇزدەلىفەدە تۇرغاندا؛

13. زىيارەت تاۋاپى ئوقۇش؛

14. مېيىتنى يۇيۇپ تارىغان ئالغان كىشى ئوقۇش؛

15. قان ئالدۇرغاندىن كېيىن؛

16. ساراڭلىقتىن ئوڭشالغان كىشى ئوقۇش؛

17. ھوشىدىن كەتكەندە ياكى مەست بولۇپ ئەسلىگە كەلگەندە؛

18. تاھارىتى بار ھالەتتە مۇسۇلمان بولغان كىشى ئوقۇش. ئەمما، جۇنۇپ ھالەتتە مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ غۇسۇل قىلىشى پەرزدۇر.

# تەيەممۇم

«تەيەممۇم» سۆزلۈك نۇقتىسىدىن ئالغاندا، «مەقسەت قىلىش، نىيەت قىلىش، يۈزلىنىش» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن، «تىيممت فلانا» يەنى «مەن پالاننى مەقسەت قىلدىم» دېيىلىدۇ.

شەرئەت ئىستىلاھىدا «سۇ بولمىسا ياكى بار بولسىمۇ، ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا، پاك تۇپراق بىلەن ئىككى قول ۋە يۈزنى تاھارەت ئېلىش ياكى غۇسۇل قىلىش نىيىتى بىلەن سىلاش» دېمەكتۇر.

## تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشى

تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەققىدە قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىللەر بار بولۇپ، قۇرئاندىكى دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى ھاجەت قىلساڭلار ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار، (مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا ۋە قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن،

ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر)﴿[22].

ھەدىستىكى دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «بىز ئىنسانلاردىن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش بىلەن ئارتۇق قىلىندۇق: سەپلىرىمىز پەرىشتىلەرنىڭ سەپلىرىدەك قىلىندى؛ زېمىننىڭ ھەممىسى بىزگە ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىندى؛ سۇ تاپالمىساق، تۇپراق بىزگە پاكلىغۇچى قىلىپ بېرىلدى»[23].

تەيەممۇمنىڭ يولغا قويۇلۇشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئىنسان بەزىدە سۇ تاپالمايدۇ ياكى مەلۇم كېسەللىك تۈپەيلى سۇ ئىشلىتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە شۇ سەۋەبلىك تاھارەت ياكى غۇسۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا تەيەممۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە، نامازغا ئوخشاش تاھارەت ياكى غۇسۇلسىز ئادا بولمايدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشتىن مەھرۇم قالمايدۇ.

## تەيەممۇمنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى

تۆۋەندىكى سەككىز شەرت تولۇق تېپىلمىسا، تەيەممۇم قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ:

**بىرىنچى شەرت:** نىيەت قىلىش بولۇپ، نىيەتسىز تەيەممۇم دۇرۇس بولمايدۇ.

ناماز ئوقۇشقا بولىدىغان تەيەممۇمنىڭ نىيىتىدە تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى نىيەت قىلىش لازىم:

---

[22] سۈرە نىسا، 43 - ئايەت.

[23] سەھىھ مۇسلىم، 522 - ھەدىس.

1. تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىشنى نىيەت قىلىش، بۇنىڭدا تاھارەتسىزلىكنىڭ تۈرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك ئەمەس؛

2. ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىش؛

3. ناماز ۋە تىلاۋەت سەجدىسىگە ئوخشاش تاھارەتسىز دۇرۇس بولمايدىغان بىرەر ئىبادەتنى نىيەت قىلىش؛

ئەگەر قۇرئان كەرىمنى تۇتۇش نىيىتى بىلەن تەيەممۇم قىلغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى قۇرئاننى تۇتۇش ئەسلىي ئىبادەت ئەمەس، ئىبادەت بولغىنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتۇر.

ئەزان ياكى تەكبىر ئوقۇش نىيىتى بىلەن تەيەممۇم قىلغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش ئۆزى مەقسەت قىلىنغان ئىبادەت ئەمەس.

تاھارەتسىز قۇرئان تىلاۋەت قىلىش نىيىتى بىلەن تەيەممۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش مەقسەت قىلىنغان ئىبادەت بولسىمۇ، تاھارەتسىز دۇرۇس بولىدۇ.

**ئىككىنچى شەرت:** تەيەممۇم قىلىشنى مۇباھ قىلىدىغان بىرەر ئۆزرىنىڭ بولۇشى

**تەيەممۇم قىلىشنى مۇباھ قىلىدىغان ئۆزرىلەرنىڭ مىسالىلىرى:**

1. سۇنىڭ بىر مىل (1600 مېتىر) ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ مۇساپىدە ئۇزاق بولۇشى؛

2. ئۆزىنىڭ كۈچلۈك گۇمانى ياكى ئۇستا مۇسۇلمان دوختۇرنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن، سۇ ئىشلەتسە، كېسەل بولىدىغان ياكى كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالىدىغان ياكى ساقىيىشى كېچىكىپ كېتىدىغان ئەھۋال بولسا؛

3. سوغۇق سۇ ئىشلەتسە، ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولسا؛

4. سۇ ئاز چاغدا ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ ئۇسساپ كېتىشىدىن قورقسا؛

5. چېلەك ۋە چۆگۈنگە ئوخشاش سۇنى تارتىپ چىقىرىدىغان سايمان تېپىلمىسا؛

6. مەيلى ئىنسان ياكى يىرتقۇچ ھايۋان بولسۇن، ئۆزى بىلەن سۇ ئارىسىدا توسقۇنلۇق قىلىدىغان دۈشمەندىن قورقسا؛

7. تاھارەت ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، ئىككى ھېيت نامىزى ياكى مېيىت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمەسلىك ئېھتىمالى كۈچلۈك بولسا.

چۈنكى، بۇ ئىككى نامازنىڭ قازاسىنى قىلىۋالغىلى بولمايدۇ. تاھارەت ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىش ياكى جۈمە نامىزىغا

ئۈلگۈرەلمەسلىك ئېھتىمالى كۈچلۈك بولسىمۇ، تەيەممۇم قىلىش جائىز بولمايدۇ. تاھارەت ئېلىپ، پەرز نامازنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، جۈمە نامىزىنىڭ ئورنىغا پېشىن نامىزى ئوقۇيدۇ.

**ئۈچىنچى شەرت:** تەيەممۇمنىڭ تۇپراق، تاش، قۇم دېگەندەك زېمىنغا تەۋە پاك نەرسىلەر بىلەن بولۇشى. ئوتۇن، كۈمۈش، ئالتۇن قاتارلىقلار بىلەن تەيەممۇم قىلىش جائىز بولمايدۇ.

**تۆتىنچى شەرت:** يۈزنىڭ ھەممىنى ۋە ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ سىلاش.

**بەشىنچى شەرت:** قولنىڭ ھەممىسى بىلەن ياكى كۆپرەكى بىلەن سىلاش. ئەگەر ئىككى بارمىقى بىلەن قايتا - قايتا سىلاپ، تولۇق سىلاپ چىقسىمۇ، تەيەممۇم دۇرۇس بولمايدۇ.

**ئالتىنچى شەرت:** ئىككى ئالقىنىنى توپىغا ئىككى قېتىم ئۇرۇپ سىلاش. بىر ئورۇنغا ئىككى قېتىم ئۇرسىمۇ، تەيەممۇم جائىز بولىدۇ. شۇنىڭدەك، تۇپراق بەدەنگە تېگىپ، ئۇنى تەيەممۇم نىيىتى بىلەن سىلىسىمۇ، تەيەممۇم دۇرۇس بولىدۇ.

**يەتتىنچى شەرت:** تېرىنى بىۋاستە سىلاشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان شام، ماي دېگەندەك بىرەر نەرسە بولماسلىق. بۇنداق نەرسىلەر بولۇپ قالسا، تەيەممۇمدىن بۇرۇن تازىلىۋېتىش لازىم. بولمىسا، تەيەممۇم دۇرۇس بولمايدۇ.

**سەككىزىنچى شەرت:** ھەيز، نىفاس، تاھارەتسىزلىك دېگەنىدەك تەيەممۇمنىڭ دۇرۇسلۇقىنى توسۇپ قويىدىغان بىرەر ئىش بولماسلىقى. ئەگەر ھەيز ياكى نىفاس ھالىتىدە تەيەممۇم قىلسا، تەيەممۇم دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، تاھارەتسىزلىك يۈز بېرىۋاتقان ھالەتتە تەيەممۇم قىلسىمۇ، تەيەممۇم دۇرۇس بولمايدۇ.

## تەيەممۇمنىڭ ئەركانلىرى

تەيەممۇمنىڭ ئەركانلىرى (پەرزلىرى) پەقەت ئىككى:

1. يۈزنىڭ ھەممىنى سىلاش؛
2. ئىككى قولنى جەينەك بىلەن قوشۇپ سىلاش.

## تەيەممۇمنىڭ سۈننەتلىرى

تەيەممۇمدا تۆۋەندىكى ئىشلار سۈننەت بولىدۇ:

1. تەيەممۇمنى باشلاش ئالدىدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دېيىش؛

2. تەرتىپكە رىئايە قىلىش يەنى ئاۋۋال يۈزىنى، ئاندىن ئوڭ قولىنى، ئاندىن سول قولىنى سىلاش؛

3. مۇناسىۋەتسىز ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىش بىلەن يۈز ۋە ئىككى قولنى سىلاش ئارىسىغا پاسىل چۈشۈرمەسلىك؛

4. تۇپراققا ئۇرۇلغان ئىككى ئالقاننى ئالدى ـ كەينىگە ھەرىكەتلەندۈرۈش؛

5. ئىككى ئالقاننى تۇپراققا ئۇرۇپ بولغاندىن

كېيىن قېقىۋېتىش؛

6. ئىككى ئالقاننى تۇپراققا ئۇرغاندا، بارماقلارنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئۇرۇش.

## تەيەممۇم قىلىش ئۇسۇلى

تەيەممۇم قىلماقچى بولغان كىشى يەڭلىرىنى تۈرۈپ، نامازنىڭ مۇباھلىقىنى نىيەت قىلغان ھالدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دەيدۇ. ئاندىن ئالقانلىرىنى پاكىز تۇپراق ئۈستىگە قويۇپ، ئاۋۋال ئالدىغا، ئاندىن كەينىگە ماڭدۇرىدۇ، ئاندىن ئالقانلارنى تۇپراقتىن كۆتۈرۈپ سىلكىۋەتكەندىن كېيىن، يۈزىنى سىلايدۇ، ئاندىن ئالقانلىرىنى بۇرۇنقىدەك يەنە بىر قېتىم تۇپراققا ئۇرۇپ، سول ئالقىنى بىلەن ئوڭ قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ سىلايدۇ، ئاندىن ئوڭ ئالقىنى بىلەن سول قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ سىلايدۇ، شۇنداق قىلىپ تەيەممۇم تاماملانغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خالىغانچە پەرز ۋە نەپلە نامازلارنى ئوقۇيالايدۇ.

## تەيەممۇمنى بۇزىدىغان ئامىللار

1. تاھارەتنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئامىل تەيەممۇمنىمۇ بۇزىدۇ؛

2. سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولۇش؛

3. سۇنىڭ تېپىلماسلىقى، دۈشمەن ۋەھىمىسى ۋە كېسەلدىن قورقۇش قاتارلىق تەيەممۇمنى مۇباھ قىلىدىغان ئۆزرىنىڭ يوقىلىشى.

## تەيەممۇمغا مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسىلىلەر

مېيىت نامىزى ياكى تىلاۋەت سەجدىسى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان كىشىنىڭ شۇ تەيەممۇم بىلەن خالىغان نامازلارنى ئوقۇشى دۇرۇس بولىدۇ.

مەسچىتكە كىرىش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان كىشىنىڭ شۇ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇشى جائىز بولمايدۇ.

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ياكى مېيىتنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلغان كىشىنىڭ شۇ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇشى جائىز بولمايدۇ.

نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن سۇ تېپىشقا ئۈمىدى بار كىشىنىڭ تەيەممۇمنى كېچىكتۈرۈشى مۇستەھەب بولىدۇ.

بىرەر كىشى سۇ بېرىشكە ۋەدە قىلغان كىشىنىڭ تەيەممۇمنى كېچىكتۈرۈشى ۋاجىب بولىدۇ.

ئازراق سۇيى بار، ئەمما خېمىر يۇغۇرۇشقا ئېھتىياجى بار كىشى سۇ بىلەن خېمىرنى يۇغۇرىدۇ، ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىدۇ.

ئازراق سۇيى بار، ئەمما شورپا قاينىتىشقا ئېھتىياجى بار كىشى سۇدا تاھارەت ئالىدۇ، شورپا قايناتمايدۇ.

سۇغا بېخىللىق قىلمايدىغان كىشىلەر بار يەردە يېنىدا

سۈيى بار ھەمراھىدىن سۇ سوراش ۋاجىب بولىدۇ.

سۇغا بېخىللىق قىلىدىغان كىشىلەر بار جايدا بولۇپ قالغاندا، باشقىلاردىن سۇ سوراش ۋاجىب بولمايدۇ.

ئۆزرىلىك كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولمىسىلا، ناماز ۋاقتىدىن بۇرۇن تەيەممۇم قىلىش جائىز بولىدۇ.

ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى كېسىۋېتىلگەن كىشى يۈزىدە جاراھەت بولسا، تاھارەتسىز ناماز ئوقۇيدۇ.

(تەيەممۇم قىلىدىغان) ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياكى يېرىمى يارىلانغان بولسا، تەيەممۇم قىلىدۇ.

ئەزالىرىدىن كۆپىنچىسى ساق بولسا، ھەم تاھارەت ئالىدۇ، ھەم يارىلانغان ئورۇنغا مەسىھ قىلىدۇ.

# ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش

مەسىھنىڭ مەنىسى: قول بىلەن بىر نەرسىنى سىلاشتۇر.

ئۆتۈك: تېرىدىن ياسالغان، ئوشۇقنى يۆگەپ تۇرىدىغان ئاياغدۇر.

شەرئەت ئاتالغۇسىدا ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش دېگىنىمىز: ئۆتۈك ياكى ئۇنىڭ ھۆكمىدىكى پۇتقا كىيىدىغان نەرسىنىڭ ئۈستىگە مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ھۆل قىلىنغان قول بىلەن سىلاش دېمەكتۇر.

**ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنىڭ ھېكمىتى**

ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ**﴾[24].

**ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنىڭ دەلىلى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش (مۇددىتى) مۇساپىرغا ئۈچ كېچە -**

[24] سۈرە بەقەرە، 185 - ئايەت.

**كۆنىدۈز، مۇقىمغا بىر كېچە - كۈندۈزدۇر»**[25].

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك تەرەتتىن كېيىن تاھارەت ئالغانلىقىنى ۋە ئىككى ئۆتۈكىگە مەسىھ قىلغانلىقىنى كۆردۈم»**[26].

شەرىئەت ئىنسانلارغا قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە تاھارەت ئالغاندا پۇتلىرىنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا ئۆتۈكىگە مەسىھ قىلىشنى يولغا قويغان.

**مەسىھنىڭ جائىز بولۇش شەرتلىرى**

تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغاندا ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ:

1. ئۆتۈكنى تاھارەت بىلەن كىيگەن بولۇش. ئۆتۈكنى پۇتنى يۇيۇپ بولۇپ، تاھارەت تاماملىنىشتىن بۇرۇن كىيگەن بولسا، مەسىھ قىلىش جائىزدۇر. بۇنىڭدا تاھارەتنى بۇزۇلۇپ كېتىشتىن بۇرۇن تاھارەتنى كامىل ئېلىۋالغان بولۇش شەرت؛

2. ئۆتۈك ئوشۇقنى ياپىدىغان بولۇش؛

3. ئۆتۈكنىڭ ھەربىرى پۇتنىڭ ئەڭ كىچىك بارمىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۈچ بارماق مىقدارىچىلىك يىرتىقتىن خالىي بولۇشى؛

4. باغلاپ قويمىسىمۇ ئىككى پۇتقا يېپىشىپ

---

[25] تىرمىزىي، 95 - ھەدىس.

[26] سەھىھۇلبۇخارىي، 203 - ھەدىس.

تۇرىدىغان بولۇش؛

5. پۇتقا سۇنىڭ يېتىشىنى توسۇپ قالالايدىغان بولۇش؛

6. ئۆتۈك بىلەن يول يۈرگىلى بولىدىغان بولۇش.

**مەسىھنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرى**

مەسىھتە پەرز قىلىنغان ئورۇن ئىككى پۇتنىڭ ئالدى ئۈستىدىن قولنىڭ ئەڭ كىچىك بارماقلىرىدىن ئۈچ بارماقچىلىك يەردۇر.

مەسىھتىكى سۈننەت: بارماقلارنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ تۇرۇپ پۇت بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن پاچاق قىسمىغا قەدەر بارماقلارنى سۈرتۈشتىن ئىبارەت.

**ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنىڭ مۇددىتى**

مەسىھنىڭ مۇددىتى مۇقىملار ئۈچۈن بىر كېچە ـ كۈندۈز، يولۇچىلار ئۈچۈن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدۇر.

مەسىھ مۇددىتىنىڭ ئاۋۋىلى ئۆتۈكنى كىيگەن ۋاقىتتىن ئەمەس، تاھارىتى بۇزۇلغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ.

مۇقىم[27] كىشى مەسىھ قىلغاندىن كېيىن، مەسىھ مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن سەپەر قىلغان بولسا، يولۇچىنىڭ مەسىھ مۇددىتى بويىچە ئۈچ كېچە ـ

[27] ھەنەفىي مەزھەپتە سەپەر قىلمىغان كىشى ياكى سەپەر قىلغان شەھەردە 15 كۈندىن كۆپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغان كىشى مۇقىم دېيىلىدۇ.

كۆندۈز تولۇق مەسىھ قىلالايدۇ.

يولۇچى كىشى بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىن مۇقىملىشىپ ئائىلىسىگە قايتسا، مەسىھ قىلىش مۇددىتى ئاخىرلاشقان بولىدۇ.

يولۇچى كىشى مەسىھ قىلغان مۇددىتى بىر كېچە ـ كۈندۈزدىن ئاز تۇرۇپ مۇقىم بولۇپ قالسا، مۇقىمنىڭ مۇددىتى بويىچە بىر كېچە ـ كۈندۈزنى تولۇقلايدۇ.

**مەسىھنى بۇزىدىغان ئامىللار**

1. تاھارەتنى بۇزىدىغان ئامىللار مەسىھنىمۇ بۇزىدۇ؛

2. ئۆتۈكنى سېلىۋېتىش بىلەن مەسىھ بۇزۇلىدۇ؛

3. پۇتنىڭ كۆپ قىسمى ئۆتۈكتىن چىقىپ كەتسە، مەسىھ بۇزۇلىدۇ؛

4. مەسىھ مۇددىتى تۈگىگەندە مەسىھ بۇزۇلىدۇ؛

5. ئۆتۈك ئىچىدىكى ئىككى پۇتنىڭ بىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا سۇ يەتكەن بولسا، مەسىھ بۇزۇلىدۇ.

باشقا مەسىھ قىلىشنىڭ ئورنىغا سەللىگە، تەلپەككە، چۈمبەلگە مەسىھ قىلىش جائىز بولمايدۇ.

ئىككى قولنى يۇيۇش ئورنىغا پەلەيگە مەسىھ قىلىش جائىز بولمايدۇ.

**تېڭىقتا مەسىھ قىلىش**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)**﴾[28].

تېڭىقلىق ئەزانى يۇيۇش ياكى مەسىھ قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، تېڭىقنىڭ كۆپ قىسمىغا ئۈستىدىن مەسىھ قىلىدۇ. جاراھەت ياخشىلىنىپ بولغۇچە داۋاملىق مەسىھ قىلسا بولىدۇ.

تېڭىقنىڭ تاھارەت بىلەن تېڭىلغان بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بىرەر ئەزا سۇنۇپ كېتىپ، تېڭىپ قويۇلغان بولسا، جاراھەت ياخشىلانغانغا قەدەر تېڭىق ئۈستىگە مەسىھ قىلىدۇ. تېڭىق تېڭىلغاندا تاھارەتلىك بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ.

ئىككى پۇتنىڭ بىرىنى يۇيۇپ، يەنە بىرىگە مەسىھ قىلىش جائىز بولىدۇ. جاراھەت ساقىيىشتىن بۇرۇن تېڭىقنىڭ چۈشۈپ كېتىشى مەسىھنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدۇ.

تېڭىقنى ئالماشتۇرۇش جائىز، ئەمما قايتىدىن مەسىھ قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ. لېكىن، تېڭىق ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، قايتىدىن مەسىھ قىلغىنى ئەۋزەل.

بىراۋنىڭ كۆزى ئاغرىپ قېلىپ، ئىششەنچىلىك،

---

[28] سۈرە ھەج، 87 - ئايەت.

ئۇستا، مۇسۇلمان دوختۇر ئۇنى كۆزنى يۇيۇشتىن چەكلىگەن بولسا، كۆزگە مەسىھ قىلىش جائىز بولىدۇ.

ئۆتۈككە، تېڭىققا ۋە باشقا مەسىھ قىلغاندا، ئالاھىدە نىيەت قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ، نىيەت پەقەت تەيەممۇمدىلا شەرت قىلىنىدۇ.

# ئىككىنچى باب
# نامازنىڭ بايانى

# نامازنىڭ بايانى

### نامازنىڭ مەنىسى

«الصلاة» كەلىمىسى «تەكبىر بىلەن باشلىنىپ، سالام بىلەن ئاخىرلىشىدىغان، مۇئەييەن ئىش - ھەرىكەت (قىيام، رۇكۇ- سەجدە ۋە زىكىرلەردىن تەركىب تاپقان ئىبادەت»نى كۆرسىتىدۇ.

### نامازنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ناماز قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپلىگەن ھەدىسلىرى بىلەن يولغا قويۇلغان.

ئاللاھ تائالا ناماز توغرىسىدا: ﴿**ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرزدۇر**﴾ دەيدۇ [29].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(بەش) نامازنى بولۇپمۇ نامازدىگەرنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار (پۈتۈن شەرتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تولۇق ئادا قىلىڭلار). ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار**﴾[30].

نامازنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئائىت ھەدىسلەردىكى دەلىللەرگە كەلسەك، ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم

[29] نىسا سۈرىسى، 103 - ئايەت.
[30] سۈرە بەقەرە، 238 - ئايەت.

ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇ ئادەم ھەر كۈنى بەش قېتىم شۇ ئۆستەڭدە يۇيۇنسا، ئۇنىڭ بەدىنىدە كىردىن ئىز قالامدۇ؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: «كىر قالمايدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: **«بەش ۋاخ نامازمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئاللاھ تائالا شۇ نامازلار بىلەن گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ»**[31].

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسمۇ نامازنىڭ يولغا قويۇلۇش دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. بۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئۇزىتىۋېتىپ مۇنداق دېدى: **«ئۇلارنى ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھىي مەبۇد يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى› دەپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ھەر كېچە - كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن...»**[32].

ناماز ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر، چۈنكى ئۇ بەندىنى پەرۋەردىگارىغا باغلايدۇ. ناماز يەنە ئاللاھ تائالانىڭ سانسىزلىغان نېمەتلىرىگە شۈكرى ئېيتىشتۇر.

---

[31] سەھىيھۇلبۇخارىي، 528 - ھەدىس.

[32] سەھىيھۇلبۇخارىي، 1458 - ھەدىس.

## نامازنىڭ تۈرلىرى

نامازئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناماز؛

2. رۇكۇ ۋە سەجدە بولمىغان ناماز.

رۇكۇ ۋە سەجدىسى بولمىغان ناماز مېيىت نامىزىدۇر.

**رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناماز مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:**

1. پەرز ناماز. بۇ ھەر كۈنى ئوقۇلىدىغان بەش ۋاقىت نامازدۇر؛

2. ۋاجىب ناماز. بۇلار ۋىتىر نامىزى، ئىككى ھېيت نامىزى، باشلاپ بولغاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كەتكەن نەپلە نامازلارنىڭ قازاسى، تاۋاپتىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز قاتارلىقلاردۇر؛

3. نەفلە ناماز. بۇ پەرز ۋە ۋاجىب نامازلاردىن باشقا نامازلاردۇر.

## نامازنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى

تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت ھازىرلانغان كىشىگە ناماز پەرز بولىدۇ:

1. مۇسۇلمان بولۇش؛

2. بالاغەتكە يېتىش؛

3. ئەقلى - ھوشى نورمال بولۇش.

پەرزەنتلەر كىچىكىدىن باشلاپ نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشقا ئادەتلىنىشى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە نامازغا بۇيرۇشى، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا، قولى بىلەن يەڭگىل ئۇرۇشى لايىقتۇر[33].

**نامازنىڭ ۋاقىتلىرى**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ناماز مۆئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى**﴾[34].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ئاللاھ تائالا بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدى. تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، نامازنى تەئدىل ئەركان[35] ۋە خۇشۇئىلىرى[36] بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغان كىشىنى ئاللاھ تائالا كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. نامازنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق ئادا قىلمىغان كىشى ئاللاھنىڭ يۇقىرىقى ۋەدىسىگە نائىل بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى خالىسا ئەپۇ قىلىدۇ، خالىسا جازالايدۇ**»[37].

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا بىر كېچە - كۈندۈزدە

---

[33] مۇئەللىپ بۇ ھۆكۈمدە ئەبۇ داۋۇد 494 – نومۇرلۇق ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە تايانغان.

[34] سۈرە نىسا، 103 - ئايەت.

[35] نامازدىكى رۇكۇ، سەجدە، ئولتۇرۇش ۋە قوپۇش قاتارلىقلارلارنى ئۆلچەملىك ئادا قىلىش تەئدىل ئەركان دېيىلىدۇ.

[36] نامازدا قەلبى ۋە ئەزالىرى بىلەن ئاللاھ ئالدىدا بىچارىلىقىنى ئىپادىلەش خۇشۇ دېيىلىدۇ.

[37] مۇسنەد ئەھمەد، 5 - توم، 317 - ھەدىس.

بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**بامدات نامىزى:** ئىككى رەكئەت بولۇپ، ۋاقتى تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش چىققانغا قەدەردۇر.

**پېشىن نامىزى:** تۆت رەكئەتتۇر.

ۋاقتى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا، قۇياش قايرىلغاندىن باشلاپ ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەسسىگە قەدەر ئۇزىرىغان ۋاقىتقىچە داۋام قىلىدۇ. كېيىنكى ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدىمۇ مۇشۇنداق پەتىۋا بېرىلىپ، شۇ بويىچە ئەمەل قىلىنىغان. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ھەر نەرسىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ بىر ھەسسىگە قەدەر چۈشكۈچە داۋام قىلىدۇ.

**ئەسىر نامىزى:** تۆت رەكئەتتۇر.

ۋاقتى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن باشلىنىپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

**شام نامىزى:** شام نامىزى ئۈچ رەكئەتتۇر. ۋاقتى قۇياش پاتقاندىن باشلىنىپ، شەپەق يوقالغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

**خۇپتەن نامىزى:** تۆت رەكئەتتۇر.

ۋاقتى شەپەق يوقالغاندىن باشلىنىپ، تاڭ يورۇغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

ۋىتىر نامىزى ۋاجىب نامازدۇر. ئۇنىڭ ۋاقتى خۇپتەن نامىزىنىڭ ۋاقتى بىلەن ئوخشاش، ئەمما ئۇ خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ۋىتىر نامىزىنى خۇپتەن نامىزىدىن بۇرۇن ئوقۇغان بولسا، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

**ناماز ۋاقتىغا مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسىلىلەر**

بامداتنى تاڭ ئاقارغاندا ئوقۇش مۇستەھەب.

ياز پەسلىدە پېشىن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

قىش پەسلىدە پېشىن نامىزىنى ئالدىراپ ئوقۇش مۇستەھەب.

قىش پەسلىدە ھاۋا بۇلۇتلۇق بولسا، قۇياشنىڭ قايرىلغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر پېشىن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

قۇياش سارغىيىپ قالمىسىلا، ئەسىرنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

بۇلۇتلۇق كۈنلەردە ئەسىر نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

شام نامىزىنى ئالدىراپ ئوقۇش مۇستەھەب.

بۇلۇتلۇق كۈنلەردە شام نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب.

كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئويغىنىشقا ئىشەنچىسى بار كىشىنىڭ ۋىتىر نامىزىنى كېچىنىڭ ئاخىرىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى مۇستەھەب.

مەيلى ئۆزرىلىك ياكى ئۆزرىسىز بولسۇن، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى پەرزنى جەملەپ ئوقۇش جائىز بولمايدۇ.

پەقەت ھاجىلارنىڭ ئەرەپات تېغىدا، پېشىن ۋاقتىدا پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى جەملەپ ئوقۇشى ۋە مۇزدەلىفىگە يېتىپ بارغاندا، شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جەملەپ ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

**ناماز ئوقۇش جائىز بولمايدىغان ۋاقىتلار**

مەيلى پەرز ياكى ۋاجىب ناماز بولسۇن ياكى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن قازا نامازلار بولسۇن، تۆۋەندىكىدەك ۋاقىتلاردا ئوقۇش جائىز بولمايدۇ:

1. قۇياش چىقىۋاتقاندا، قۇياش (نەيزە بويى) كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر؛

2. كۈن تىكلەنگەندىن باشلاپ كۈن پېشىن تەرەپكە قايرىلغانغا قەدەر؛

3. قۇياش سارغايغان ۋاقىتتىن باشلاپ تولۇق پاتقانغا قەدەر.

شۇ كۈننىڭ ئەسىر نامىزى بۇنىڭدىن مۇستەسنا،

ئۇنى كۆن سارغايغاندىمۇ ئوقۇش جائىز.

مەزكۇر ۋاقىتلاردا ۋاجىب بولغان نامازلارنى ئوقۇش مەكرۇھلۇق بىلەن دۇرۇس.

مەزكۇر ۋاقىتلاردا جىنازا نامىزى تەييار بولۇپ قالغان بولسا، مەكرۇھلۇق بىلەن ئوقۇش جائىز.

ئەگەر بىرى مەزكۇر ۋاقىتلاردا سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشى مەكرۇھلۇق بىلەن جائىز بولىدۇ.

مەزكۇر ۋاقىتلاردا نەپلە نامازلارنى ئوقۇش مەكرۇھ تەھرىيمىيدۇر.

**نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولىدىغان ۋاقىتلار**

تۆۋەندىكى ۋاقىتلاردا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ:

1. تاڭ ئاقارغاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت بامداتنىڭ سۈننىتىدىن باشقا ناماز ئوقۇش؛

2. بامدات نامىزىدىن كېيىن (قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگىچە)؛

3. ئەسر نامىزىدىن كېيىن قۇياش پاتقىچە؛

4. جۈمە كۈنى خەتىب خۇتبىگە چىققاندىن باشلاپ جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزىنى ئوقۇپ بولغۇچە؛

5. تەكبىر ئوقۇلغاندا. بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى بۇ ناماز تەكبىر

ئوقۇلۇۋاتقاندىمۇ، تەكبىردىن كېيىنمۇ ئىككىنچى رەكئەتتە ئىمامغا ئۇلگۈرۈشكە ئىشەنچ قىلالىسا، مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئوقۇلۇشى مەكرۇھ ئەمەس؛

6. ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن، ئۆيدە بولسۇن ياكى ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان ئورۇندا بولسۇن، نەپلە ناماز ئوقۇلمايدۇ؛

7. ھېيت نامىزىدىن كېيىن، باشقا ناماز ئوقۇش مەكرۇھ. ئەگەر ئۆيدە ئوقۇسا، مەكرۇھ ئەمەس؛

8. نەپلە ناماز ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، پەرزگە ئۇلگۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ۋاقت قىستاپ قالغان بولسا؛

9. قورسىقى ئاچ، نەپسى تاقىلداپ تۇرۇۋاتقاندا ئالدىغا تاماق كەلگەندە؛

10. سىيىدۈك، چوڭ تاھارەت ۋە يەل قىستىغان چاغدا. سىيىدۈك، چوڭ تاھارەت ۋە يەل قىستاپ تۇرغاندا مەيلى پەرز ياكى نەپلە بولسۇن، ھەرقانداق ناماز ئوقۇش مەكرۇھ؛

11. كىشىنىڭ كۆڭلىگە كېلىۋېلىپ، خۇشۇغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە.

# ئەزان ۋە تەكبىر

**ئەزان**: پەرز نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنى نامازدا بىر ئارىغا توپلىنىشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئىسلام يولىغا قويۇلغان مەخسۇس زىكرىلەردىن ئىبارەتتۇر.

**ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇشى**

ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇش دەلىلى قۇرئان ۋە ھەدىستۇر.

قۇرئاندىكى دەلىلى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**ئى مۇئمىنلەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم ـ سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر**﴾[38].

ھەدىستىكى دەلىلى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «**ناماز ۋاقتى كەلسە، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئەزان ئوقۇسۇن، چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن**»[39].

---

[38] سۈرە جۈمە، 9 ـ ئايەت.

[39] سەھىھ مۇسلىم، 674 ـ ھەدىس.

## ئەزان ۋە تەكبىرنىڭ ھۆكمى

پەرز نامازلار ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش ئەرلەرگە نىسبەتەن كۈچلۈك سۈننەتتۇر.

مەيلى مۇقىم[40] ياكى مۇساپىر بولسۇن، جامائەت بىلەن ياكى يالغۇز ئوقۇسۇن، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇسۇن ياكى قازا ناماز ئوقۇسۇن، ئەرلەرگە نىسبەتەن تەكبىر ئوقۇش[41] كۈچلۈك سۈننەتتۇر.

[40] ھەنەفىي مەزھەپتە ئۆز ۋەتىنىدە تۇرغان ياكى سەپەر قىلغان شەھەردە 15 كۈندىن كۆپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغان كىشى مۇقىم دېيىلىدۇ.

[41] بۇ يەردىكى تەكبىردىن مۇئەززىنىنىڭ جامائەتلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، نامازغا ھازىرلاش ئۈچۈن، ناماز باشلىنىش ئالدىدا ئوقۇيدىغان، « قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات» كەلىمىلىرىدىن باشقىسى ئەزانغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان زىكىرلەر مەقسەت قىلىنىدۇ.

# ئەزان كەلىمىلىرى

| ئەرەبچىسى | ئوقۇلۇشى | تەرجىمىسى |
|---|---|---|
| الله أكبر الله أكبر | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ئۇلۇغدۇر |
| الله أكبر الله أكبر | ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ئۇلۇغدۇر، ئاللاھ ئۇلۇغدۇر |
| أشهد أن لا إله إلا الله | ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق |
| أشهد أن لا إله إلا الله | ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق |
| أشهد أن محمدًا رسول الله | ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر |
| أشهد أن محمدًا رسول الله | ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ | گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر |
| حيَّ على الصلاة | ھەييە ئەلەسسالات | نامازغا كېلىڭلار |
| حيَّ على الصلاة | ھەييە ئەلەسسالات | تېز كېلىپ ناماز ئوقۇڭلار |
| حَيَّ على الفلاح | ھەييە ئەلەلفەلاھ | نىجاتلىققا تېز كېلىڭلار |
| حَيَّ على الفلاح | ھەييە ئەلەلفەلاھ | نىجاتلىققا تېز كېلىڭلار |
| الله أكبر | ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ئۇلۇغدۇر |
| الله أكبر | ئاللاھۇ ئەكبەر | ئاللاھ ئۇلۇغدۇر |
| لا إله إلا الله | لائىلاھە ئىللەللاھ | ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر |

بامدات نامىزىنىڭ ئەزانىدا «ھەييە ئەلەلفەلاھ»تىن كېيىن، ئىككى قېتىم «ئەسسالاتۇ خەيرۇممىنەننەۋم» (ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى) دېيىلىدۇ.

تەكبىر ئەزانغا ئوخشاش ئوقۇلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدا «ھەييە ئەلەلفەلاھ، ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېيىلگەندىن كېيىن، ئىككى قېتىم «قەد قامەتىسسالات، قەد قامەتىسسالات» (ناماز ھازىر بولدى) دېيىلىدۇ.

ئەزان ئالدىرىماي ئوقۇلىدۇ، تەكبىر تېزراق ئوقۇلىدۇ.

ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلدا ئەزان ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

ئەزان دەپ بىلىنسۇن ياكى بىلىنمىسۇن، ئەرەبچىدىن باشقا تىلدا ئەزان ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس.

**ئەزاندىكى مۇستەھەب ئەمەللەر**

1. مۇئەززىنىنىڭ تاھارەتلىك بولۇشى؛

2. مۇئەززىنىنىڭ سۈننەتكە ئالىم بولۇشى ۋە ناماز ۋاقىتلىرىنى بىلىشى؛

3. مۇئەززىنىنىڭ سالىھ كىشى بولۇشى؛

4. مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئوقۇغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلىشى؛

5. مۇئەززىنىنىڭ ئىككى بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ ئىچىگە قويۇشى؛

6. مۇئەززىننىڭ «ھەييە ئەلەسسالات» دېگەندە يۈزىنى ئوڭ تەرەپكە بۇرىشى ۋە «ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېگەندە يۈزىنى سول تەرەپكە بۇرىشى؛

7. ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىلىقىدا دائىمي جامائەتلەر كېلىۋالغۇدەك ۋاقىت كۈتۈش. ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ قالغاندا، نامازنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ؛

8. شام نامىزى بىلەن ئەزان ئارىسىدا قىسقا ئۈچ ئايەت ئوقۇغۇدەك ياكى ئۈچ قەدەم ماڭغۇدەك ۋاقىت پاسىل قويۇش؛

9. ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاپ، مۇئەززىن نېمە دېسە، شۇنى دەيدۇ. بىراق، مۇئەززىن «ھەييە ئەلەسسالات» ۋە «ھەييە ئەلەلفەلاھ» دېگەندە «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» (كۈچ-قۇۋۋەت ئاللاھقا خاستۇر) دەيدۇ، مۇئەززىن «ئەسسالاتۇ خەيرۇممىنەننەۋم» (ناماز ئۇيقۇدىن ياخشى) دېگەندە «سەدەقتە» (بەرھەق) دەيدۇ.

10. مۇئەززىن ۋە ئەزاننى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئەزان ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇنۇ كەلىمىلەر بىلەن دۇئا قىلىشى مۇستەھەب: «**اللّٰهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّداً الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ**»[42]، تەرجىمىسى: «ئۇشبۇ ئۇلۇغ چاقىرىقنىڭ ۋە ۋاقتى كىرگەن نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىنى

[42] سەھىھۇلبۇخارىي، 614 - ھەدىس

يۇقىرى قىلغىن ۋە ئۇنى سەن ۋەدە قىلغان ئالىي ماقامغا ئېرىشتۈرگىن» .

**ئەزاندا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار**

ئەزان ئوقۇلغاندا تۆۋەندىكى ئىشلار مەكرۇھتۇر:

1 . ئەزاننى ناخشىغا ئوخشىتىپ ئوقۇش؛

2 . تاھارەتسىز ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش؛

3 . جۇنۇپ كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛

4 . ئەقلى يېتىلمىگەن نارەسىدىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛

5 . ساراڭنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛

6 . مەستنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛

7 . ئايال كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛

8 . پاسىق كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛

9 . ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئەزان ئوقۇشى؛

10 . مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش جەريانىدا گەپ قىلىشى؛ (مۇئەززىن ئەزان ئوقۇش جەريانىدا گەپ قىلسا ، ئەزاننى قايتا ئوقۇشى مۇستەھەب. ئەمما ، تەكبىر ئوقۇش جەريانىدا گەپ قىلسا ، تەكبىرنى قايتا ئوقۇمايدۇ) .

11 . شەھەر ئىچىدە جۈمە كۈنى پېشىن نامىزى ئۈچۈن ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇش.

بىردىن كۆپ نامازنى قازا قىلغان كىشى بىرىنچى نامازغا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇيدۇ؛ قالغان نامازلاردا ئىختىيارىي بولۇپ، خالىسا ھەر ناماز ئۈچۈن ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇسا بولىدۇ؛ خالىسا پەقەت تەكبىرنىلا ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

# نامازنىڭ ئادا بولۇش شەرتلىرى

نامازدىن سانالمايدىغان، ئەمما نامازنىڭ ئادا بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بىرقانچە ئىش بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى چالا قالسىمۇ ناماز ئادا بولمايدۇ. بۇلار «نامازنىڭ شەرتلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار تۆۋەندىكى ئالتە شەرتتىن ئىبارەت:

## بىرىنچى شەرت: تاھارەت

تاھارەتسىز ناماز ئادا بولمايدۇ. بۇ يەردىكى تاھارەت بىلەن تۆۋەندىكىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

1. نامازخانىنىڭ بەدىنى چوڭ ۋە كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولۇشى؛

2. نامازخانىنىڭ بەدىنى ئەپۇ قىلىنمايدىغان نىجاسەتتىن پاك بولۇشى؛

3. نامازخانىنىڭ ناماز ئوقۇيدىغان كىيىمىنىڭ ئەپۇ قىلىنمايدىغان نىجاسەتتىن پاك بولۇشى؛

4. ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ نىجاسەتتىن پاك بولۇشى. ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇننىڭ پاك بولۇشىدا پۇت، قول، تىز ۋە پېشانە قاتارلىق ئەزالار تېگىدىغان ئورۇننىڭ پاك بولۇشى زۆرۈردۇر.

## ئىككىنچى شەرت: ئەۋرەتنى يۆگەش

ئەۋرەتنى يۆگەشكە قادىر تۇرۇپ يۆگىمىسە، ناماز قوبۇل بولمايدۇ.

نامازغا كىرگەندىن باشلاپ ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەۋرەت يۆگەك ھالەتتە بولۇشى لازىم. ئەگەر نامازغا كىرىشتىن بۇرۇن ئەۋرەتنىڭ تۆتتىن بىرى ئوچۇق قالغان بولسا، ناماز ھېساب بولمايدۇ.

ناماز جەريانىدا مەلۇم بىر رۇكنىنى ئادا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئەۋرەتنىڭ تۆتتىن بىرى ئېچىلىپ قالسا، ناماز بۇزۇلىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىنىڭ چەك - چېگراسى كىندىكىدىن تىزىنىڭ ئاستىغىچە بولىدۇ. تىزى ئەۋرەت، ئەمما كىندىكى ئەۋرەت ئەمەس.

ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىنىڭ چەك - چېگراسى يۈزى، ئالقىنى ۋە پۇتىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنىدۇر.

## ئۈچىنچى شەرت: قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش

ئىمكانى بار تۇرۇپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرمەستىن ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ.

كەئبىنىڭ ئۆزىگە قاراش: مەككىلىكلەرنىڭ ۋە كەبىنى كۆرەلەيدىغانلارنىڭ كەئبىنىڭ ئۆزىگە قارىشى شەرتتۇر.

كەئبە تەرەپكە قاراش: مەككىدىن ئۇزاق بولغانلىقتىن كەئبىنى كۆرەلمەيدىغانلار كەئبە تەرەپكە قارىسا كۇپايە.

كىيىمىلىك ياكى دۈشمەن قورقۇنچىسى تۈپەيلى قىبلىگە يۈز كەلتۈرەلمەيدىغان كىشىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇشى جائىزدۇر.

## تۆتىنچى شەرت: نامازنىڭ ۋاقتى

ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ. يۇقىرىدا ناماز ۋاقىتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىندى.

## بەشىنچى شەرت: نىيەت

نىيەتسىز ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايدۇ.

پېشىن ياكى ئەسىر دېگەندەك پەرز ناماز بولسا، نىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋاجىب.

ۋىتىر ياكى ئىككى ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ۋاجىب نامازلار بولسا، ئۇنىڭدىمۇ نىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋاجىب.

نەپلە نامازلاردا نىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەرت ئەمەس، بەلكى ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىسىلا كۇپايە.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسا، ئىمامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلىشى لازىم.

## ئالتىنچى شەرت: تەكبىر تەھرىيمىي (نامازنى باشلاش تەكبىرى)

تەكبىر تەھرىيمىدىن مەقسەت نامازنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» ياكى «ئاللاھۇ ئەئزەم» ياكى «سۇبھانەللاھ»

دېگەنــدەك ئالــلاھ ئۈچــۈن خالــس بولغــان زىكىرلــەر بىلــەن باشلاشــتۇر.

نىيــەت بىلــەن باشــلاش تەكبىــرى ئارىســىدا يېيىــش ـ ئىچىشــكە ئوخشــاش نامازغا مۇناســىپ بولمىغان ئىشــلارنى قىلىشــقا بولمايــدۇ.

تەكبىرنــى ئــۆرە تــۇرۇپ ئېيتىشــى ۋە ئــۆزى ئاڭلىغــۇدەك دەرىجىــدە «ئالللاھــۇ ئەكبــەر» دېيىشــى شــەرت.

**نامازنىڭ شەرتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك تارماق مەسىلىلەر**

نىجاســەتنى تازىلىغــۇدەك بىــرەر نەرســە تاپالمىغــان كىشــى شــۇ پېتــى ناماز ئوقۇۋېرىــدۇ، (تاپقانــدىــن كېيىــن) نامازنــى قايتــا ئوقۇمايــدۇ.

يوپۇرمــاق ياكــى لايغــا چاغلىــق بولســىمۇ ئەۋرىتىنــى ياپقۇدەك بىــرەر نەرسە تاپالمىغــان كىشــى يالىڭاچ پېتــى نامــاز ئوقۇۋېرىــدۇ، (تاپقانــدىــن كېيىــن) نامازنــى قايتــا ئوقۇمايــدۇ.

كىيىمىنىــڭ تــۆتتىــن بىــرى پــاك كىشــىنىڭ يالىڭاچ نامــاز ئوقۇشــى جائىــز بولمايــدۇ.

بىــر كىشــىنىڭ كىيىمــى نىجىــس بولــۇپ قالغــان بولســا، شــۇ كىيىــم بىلــەن نامــاز ئوقۇغانلىقــى يالىڭاچ ئوقۇغىنىدىــن ئەۋزەلــدۇر.

يالىــڭاچ كىشــى قىبلــە تەرەپكــە پۇتىنــى ســوزغان

هالـدا، ئۇلتـۇرۇپ نامـاز ئوقۇيـدۇ، رۇكـۇ ـ سـەجدىنى ئىشـارەت بىلـەن قىلـدۇ.

نىجاسـەت يۇقـۇپ قالغـان رەختنىـڭ پـاك تەرىپىـدە نامـاز ئوقـۇش جائىـز. ئەممـا، رەختنىـڭ بىـر تـەرىپىنـى مىدىرلاتسـا، يەنـە بىـر تەرىپى مىدىرلىمايدىغـان دەرىجىدە (چـوڭ) بولۇشـى لازىـم.

ئۈستى پاكىـز، ئاستى نىجىـس كىگىـز ئۈستىدە نامـاز ئوقـۇش جائىز.

قىبلىنـى بىلەلمىگـەن، سـورايدىغان ئادەممـۇ يـوق، قىبلىگـە ئالامـەت بولغـۇدەك بىـرەر نەرسـىمۇ تاپالمىغـان كىشى ئىزدىنىپ بىقىپ ناماز ئوقۇۋىرىـدۇ. ئىزدەنگەندىن كېيىـن، نامـاز ئوقـۇپ، قىبلىـدە خاتالاشـقان بولسـىمۇ، نامىـزى ئـادا بولىـدۇ.

نامـاز ئوقۇۋېتىـپ خاتالاشـقانلىقىنى بىلسـە، قىبلـە تەرەپكـە بۇرۇلـۇپ، نامىزىنـى داۋاملاشـتۇرىدۇ.

ئـەۋرەت ئەزالىرىدىـن بىرقانچە يـەر ئېچىلىـپ قالغـان بولسا، ئېچىلىـپ قالغـان جايلارنىـڭ يىغىندىسـى ئوچـۇق ئەزالاردىـن ئـەڭ كىچىكرەكىنىـڭ تۆتتىـن بىرىگـە تـەڭ كەلگـۈدەك بولسـا، نامـىزى بۇزۇلـىدۇ. ئۇنىڭدىـن ئـازراق بولسـا، نامـىزى ئـادا بولىـدۇ.

## نامازنىڭ ئەركانلىرى

نامازنىڭ ئەركانلىرى بەشتۇر. بۇلار «نامازنىڭ پەرزلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن بىرىنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلىدۇ.

### 1. قىيام:

قىيام (ئۆرە تۇرۇش) غا قادىر بولالىغان كىشىنىڭ قىيامدا تۇرماستىن ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ.

قىيامدا تۇرۇش پەرز ۋە ۋاجىب نامازلاردا پەرزدۇر.

نەپلە نامازلاردا قىيامدا تۇرۇش پەرز ئەمەس.

نەپلە نامازلاردا قىيامدا تۇرۇشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇش جائىز.

### 2. قىرائەت:

بىر ئايەت بولسىمۇ قىرائەت قىلىش لازىم. قىرائەتسىز ناماز ئادا بولمايدۇ.

پەرز نامازلارنىڭ ئىككى رەكئىتىدە، ۋاجىب ۋە نەپلە نامازلارنىڭ ھەممە رەكئىتىدە قىرائەت پەرزدۇر.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچىدىن قىرائەت ساقىت بولىدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قىرائەت قىلىشى مەكرۇھ بولىدۇ.

**3. رۇكۇ:**

رۇكۇسىز ناماز قوبۇل بولمايدۇ.

رۇكۇدىكى پەرز بولغان ئۆلچەم رۇكۇ ھالىتىگە يېقىن دەرىجىدە بەلنى ئېگىش بىلەن بىرگە، باشنى ئېگىشتۇر.

مۇكەممەل رۇكۇ بولسا باش بىلەن ساغرا تەكشى بولغانغا قەدەر ئومۇرتقىنىڭ ئېگىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**4. سەجدە:**

ھەر رەكئەتتە ئىككى قېتىم سەجدە قىلمىسا، ناماز ئادا بولمايدۇ.

سەجدىدە پەرز قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم پېشانىنىڭ بىر قىسمىنى، ئىككى قول ۋە ئىككى تىزنىڭ بىرىنى، ئىككى پۇتنىڭ بىرىنىڭ ئۇچىدىن مەلۇم قىسمىنى يەرگە قويۇشتۇر.

مۇكەممەل سەجدە بولسا ئىككى قول، ئىككى تىز، ئىككى پۇت ۋە پېشانە بىلەن بۇرۇننى يەرگە قويۇشتۇر.

سەجدە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پېشانىسى ئورۇنلاشقۇدەك، ئوبدان سەجدە قىلسا، بېشى چۆكۈپ كەتمىگۈدەك نەرسە ئۈستىگە بولغاندىلا توغرا بولىدۇ.

سەجدە قىلغاندا ئۆزرىسىز بۇرۇننىلا چوقۇپ تۇرۇش توغرا بولمايدۇ.

ئالقىنى ۋە كېيىمنىڭ پېشىگە سەجدە قىلسا، مەكرۇھلۇق بىلەن جائىز بولىدۇ.

سەجدىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سەجدە قىلغان ئورۇن ئىككى پۇتىنىڭ ئورنىدىن يېرىم گەزدىن[43] كۆپ ئېگىز بولماسلىقى شەرت.

سەجدە قىلغان ئورۇن يېرىم گەزدىن ئېگىز بولسا، ناماز ئادا بولمايدۇ، قاتتىق قىستاڭچىلىق ھالىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

### 5. تەشەھھۇد مىقدارى ئاخىرقى ئولتۇرۇش:

بەزى فىقھشۇناسلار نامازخانىنىڭ نامازدىن بىرەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن چىقىشىنى پەرز دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرگۈچى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا بۇ، پەرز ئەمەس، بەلكى ۋاجىبتۇر.

## نامازنىڭ ۋاجىبلىرى

تۆۋەندىكىلەر نامازدا ۋاجىب بولىدىغان ئىشلاردۇر. بۇلاردىن بىرىنى سەۋەنلىك بىلەن تەرك ئەتكەن كىشىنىڭ نامىزى كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ ۋە سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن تولۇقلىنىدۇ. ئەمما، قەستەن تەرك ئەتكەن كىشى نامازنى قايتا ئوقۇشى ۋاجىب، ئوقۇمىسا گۇناھكار بولىدۇ.

[43] بىر گەز 46 سانتىمېتىرغا تەڭ.

1. نامازنى مەخسۇس «الله اَكْبَرْ (ئاللاھۇ ئەكبەر)» دېگەن تەكبىر بىلەن باشلاش؛

2. پەرز نامازلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، ۋىتىر ۋە نەپلە نامازلىرىنىڭ ھەممە رەكئىتىدە فاتىھەنى ئوقۇش،

3. پەرز نامازلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە، ۋىتىر ۋە نەپلە نامازلىرىنىڭ ھەممە رەكئىتىدە فاتىھەدىن كېيىن قىسقا بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت ئوقۇش؛

4. فاتىھەنى باشقا سۈرىلەردىن بۇرۇن ئوقۇش؛

5. ئىككى سەجدىنى ئارقىمۇئارقا قىلىش؛

6. جىمى ئەركانلارنى ئالدىرىماي، ئۆلچەملىك ئادا قىلىش؛

7. ئاۋۋالقى ئولتورۇش تەشەھھۇد مىقدارى ئولتۇرۇش

8. ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا تەشەھھۇد دۇئاسى ئوقۇش؛

9. «ئەتتەھىياتۇ»نى ئوقۇپ بولۇپلا، تەخىر قىلماستىن، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرۇش؛

10. نامازدىن ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ چىقىش؛

11. ۋىتىر نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە فاتىھە بىلەن بىر سۈرە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇش؛

12. ھېيت نامازلىرىنىڭ ئادەتتىكى نامازلاردىكىگە

قارىغانىدا ئارتۇق ئېيتىلىدىغان تەكبىرلەرنى ئېيتىش؛ ئۇ بولسا ھەر رەكئەتتە ئۈچ تەكبىردۇر.

13. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدىكى رۇكۇ تەكبىرىنى ئېيتىش؛

14. بامدات، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە؛ جۈمە، ئىككى ھېيت، تەراۋىھ ۋە رامىزاندىكى ۋىتىر نامازلىرىدا ئىمامنىڭ قىرائەتنى ئاشكارا، ئاۋازلىق ئوقۇشى؛

15. قىرائەت ئۈنلۈك قىلىنىدىغان پەرز نامازلارنى يالغۇز ئوقۇغان كىشى قىرائەتنى خالىسا ئۈنلۈك، خالىسا مەخپىي قىلىسىمۇ بولىدۇ،بىراق ئۈنلۈك قىلىش ئەۋزەل؛

16. ئىمام ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ پېشىن بىلەن ئەسىر نامازلىرىدا، شامنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە، خۇپتەننىڭ كېيىنكى ئىككى رەكئىتىدە ۋە كۈندۈزدىكى نەپلە نامازلاردا قىرائەتنى مەخپىي قىلىشى؛

17. خۇپتەننىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇمىغان كىشى ئۇنى كېيىنكى ئىككى رەكئەتتە فاتىھە بىلەن قوشۇپ ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ ۋە سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ؛

18. ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشى كېيىنكى ئىككى رەكئەتتە قايتا ئوقۇمايدۇ، بەلكى سەۋەنلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ

# نامازنىڭ سۈننەتلىرى

نامازدا تۆۋەندىكى ئىشلار سۈننەت بولۇپ، نامازنىڭ كامىل ئادا بولۇشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **«مەن نامازنى قانداق ئوقۇغان بولسام، سىلەرمۇ شۇنداق ئوقۇڭلار»**[44] دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر:

1. تەكبىر تەھرىيمىنى ئېيتماقچى بولغاندا، بېشىنى پەسلىتىۋالماي، تۈز تۇرۇش؛

2. تەكبىر تەھرىيمىدىن بۇرۇن ئىككى قولنى ئىككى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈش؛

3. ئىككى قولنى كۆتۈرگەندە ئالىقىنى ۋە بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش؛

4. ئىككى قولنى كۆتۈرگەندە بارماقلىرى ئارىسىنى ئېچىپ تۇتۇش، ھەم يىغىۋالماسلىق، بەك كەڭمۇ ئېچىۋالماسلىق؛

5. ئوڭ قولنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىندىكىنىڭ ئاستىدا تۇتۇش؛

6. ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىنى سول قولىنىڭ دۈمبىسىگە

---

[44] سەھىيھۇلبۇخارىي، 631 - ھەدىس

قويۇپ، باشمالتاق بىلەن چىمچىلاق بارماقنى بىغىشقا ھالقىلاش؛

7. ئىككى قولىنى كىندىكى ئاستىغا قويغاندىن كېيىنلا سانا ئوقۇش؛ سانا دېگىنىمىز «سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋەتەبارەكەسمۇكە ۋە تائالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇكە» دېيىشتۇر.

8. فاتىھە سۈرىسىدىن بۇرۇن «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» دېيىش؛

9. فاتىھە سۈرىسىدىن بۇرۇن ھەر رەكئەتتە «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دېيىش؛

10. فاتىھەنى ئوقۇپ بولغان ھامان پەس ئاۋازدا «ئامىن» دېيىش؛

11. قىيامدا تۇرغاندا ئىككى پۇتنىڭ ئارىسىدا تۆت بارماق پاتقىچىلىك ئارىلىق قويۇش؛

12. پېشىن ۋە بامدات نامىزىدا فاتىھەدىن كېيىن «تىۋالى مۇپەسسەل»[45]دىن بىر سۈرە، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا «ئەۋساتى مۇپەسسەل»[46]دىن بىر سۈرە، شام نامىزىدا «قىسارى مۇپەسسەل»[47]دىن بىر سۈرە ئوقۇش؛

13. بامدات نامىزىدىلا بىرىنچى رەكئەتنى ئىككىنچى

---

[45] تىۋالى مۇپەسسەل «ھۇجرات» سۈرىسىدىن «بۇرۇج» سۈرىسىگىچە بولغان سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[46] «بۇرۇج» سۈرىسىدىن «زۇھا» سۈرىسىگىچە بولغان سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

[47] «زۇھا» سۈرىسىدىن «ناس» سۈرىسىگىچە بولغان سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

رەكئەتتىن ئۇزۇنىراق ئوقۇش؛

14. رۇكۇ قىلغاندا تەكبىر ئوقۇش؛

15. رۇكۇ قىلغاندا ئىككى تىزىنى ئىككى قولى بىلەن بارماقلىرى ئارىسىنى ئوچۇق تۇتۇش؛

16. رۇكۇ قىلغاندا بېلىنى سوزۇپ تۇرۇش، بېشىنى ساغرىسى بىلەن تەكشى ھالەتتە تۇتۇش، ئىككى پاچىقىنى تۈز تۇتۇش؛

17. رۇكۇدا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەلئەزىم» دېيىش؛

18. ئەر كىشى رۇكۇ قىلغاندا ئىككى قولىنى بېقىنىدىن ئۇزاق تۇتۇش؛

19. ئىمام رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ» دېيىشى، ئىقتىدا قىلغۇچى پەس ئاۋازدا «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دېيىشى، يالغۇز كىشى ھەر ئىككىسىنى دېيىشى؛

20. سەجدە قىلغاندا تەكبىر ئوقۇش؛

21. سەجدە قىلغاندا ئاۋۋال ئىككى تىزنى، ئاندىن ئىككى قولنى، ئاندىن يۈزنى قويۇش؛

22. سەجدىدىن تۇرغاندا ئاۋۋال يۈزنى، ئاندىن ئىككى قولنى، ئاندىن ئىككى تىزنى كۆتۈرۈش؛

23. سەجدە ھالىتىدە يۈزنى ئىككى ئالقان ئارىسىدا قويۇش؛

24. سەجدە ھالىتىدە قورسىقىنى ئىككى يوتىسىدىن، ئىككى جەينىكىنى ئىككى بىقىنىدىن، ئىككى بىلىكىنى يەردىن ئۇزاق تۇتۇش؛

25. سەجدە ھالىتىدە ئىككى پۇتىنىڭ بارماقلىرى قىبلە تەرەپكە قارىتىلغان بولۇش؛

26. سەجدىدە ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم پەس ئاۋازدا «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» دېيىش؛

27. سەجدىدىن باش كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش؛

28. ئۆزرىسى بولمىغان ئەھۋالدا سەجدىدىن تۇرغاندا ئولتۇرماستىن ۋە يەرگە تايانماستىن تۇرۇش؛

29. ئىككى سەجدە ئارىسىدا خۇددى تەشەھھۇدتىكىگە ئوخشاش ئىككى قولىنى ئىككى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇش؛

30. قەئدە ئەۋۋەل ۋە قەئدە ئاخىردىكى ئولتۇرۇشتا سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەش؛

31. تەشەھھۇد ئوقۇۋېتىپ «لائىلاھە» دېگەندە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ، «ئىللەللاھ» دېگەندە چۈشۈرۈپ ئىشارەت قىلىش؛

32. پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئىتىدە ۋە شام نامىزىنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش؛

33. قەئدە ئاخىردا تەشەھھۇدتىن كېيىن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش؛

34. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇرئان ۋە ھەدىستە كەلگەن دۇئالار بىلەن ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىش؛

35. ھەدىستە كەلگەن دۇئالاردىن بىرى: «**اللَّهمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نفْسِي ظُلْمًا كثِيرًا، وَلا يَغْفِر الذُّنوبَ إِلاَّ أَنْتَ، فَاغْفِر لِي مغْفِرَةً مِن عِنْدِكَ، وَارحَمْنِي، إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفور الرَّحِيم (ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن ئۆز نەپسىمگە (گۇناھ ئۆتكۈزۈش بىلەن) كۆپ زۇلۇم قىلدىم، ماڭا ئۆز پەزلىڭدىن مەغپىرەت ئاتا قىلغىن، ماڭا مەرھەمەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇرسەن»**[48]؛

36. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ» دېگەندە ئوڭ ۋە سول تەرەپكە بۇرۇلۇش؛

37. (بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە) يۆتكىلىش تەكبىرلىرىنى ئىمام ئۈنلۈك ئاۋازدا، ئىقتىدا قىلغۇچى پەس ئاۋازدا دېيىش؛

38. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ»نى ئىمامنىڭ ئۈنلۈك، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ پەس ئاۋازدا دېيىشى؛

39. ئىمامنىڭ ئىككى قېتىملىق سالامدا (ئوڭ ـ سولدىكى) ئەر جامائەتلەرنى، مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەرنى ۋە سالىھ جىنلارنى نىيەت قىلىشى، ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ بولسا

---

[48] سەھىيھۇلبۇخارىي، 834 ـ ھەدىس

ئىمام تەرەپتىكى جامائەت بىلەن بىرگە ئىمامنى، يالغۇز نامازئوقۇغۇچىنىڭ پەقەت پەرىشتىلەرنى نىيەت قىلىشى؛

40. ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ئىككىنچى قېتىملىق سالامدا بىرىنچى قېتىملىق سالامدىن پەسەرەك قىلىشى؛

41. سالامنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاش؛

42. ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ سالامىنى ئىمامنىڭ سالامى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا بولۇش؛

43. نامازنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى ئىمام ئىككى تەرەپكە سالام بېرىپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشى، ئىمام ئىككى سالامنى بېرىپ بولغۇچە چالا قالغان نامىزىنى تولۇقلاش ئۈچۈن تۇرۇپ كەتمەسلىكى.

## نامازنىڭ مۇستەھەبلىرى

نامازدا تۆۋەندىكى ئىشلار مۇستەھەب بولۇپ، نامازنىڭ كامىل ئادا بولۇشى ئۈچۈن بۇ ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىش ياخشى:

1. ئەر كىشى تەكبىر تەھرىيمىي باغلىغاندا، چاپىنىنىڭ يېڭىدىن قولىنى چىقىرىدۇ، ئايال كىشى قولىنى چىقارمايدۇ؛

2. قىيامدا تۇرغاندا سەجدىگاھقا قاراپ تۇرۇش؛

3. رۇكۇ قىلغاندا ئىككى پۇتنىڭ ئۈستىگە قاراپ تۇرۇش؛

4. سەجدە ھالىتىدە بۇرۇننىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرۇش؛

5. ئولتۇرغاندا قۇچىقىغا قاراپ ئولتۇرۇش؛

6. سالام بەرگەندە مۈرىسىگە قاراش؛

7. ئىمكانقەدەر يۆتەل ۋە ئەسنەكنى توسۇۋېلىش؛

8. ئامالسىز ئەسنىمەكچى بولغاندا ئېغىزىنى يۇمۇۋېلىش؛

9. ئاۋۋالقى ۋە ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان تەشەھھۇدنى[49] ئوقۇش؛

10. پەقەت ۋىتىردا «**اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ، وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيْرَ، وَلَا نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ، اللَّهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ، وَلَكَ نُصَلِّي، وَنَسْجُدُ، وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ، وَنَرْجُو رَحْمَتَكَ، وَنَخْشَى عَذَابَكَ، إِنَّ عَذَابَكَ الْجِدَّ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ**»[50] دېگەن دۇئانى ئوقۇش.

---

[49] مۇنۇ تەشەھھۇدنى دېمەكچى: «التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ».

[50] مۇسنەد ئەبى شەيبە، 6893 - ھەدىس

# نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار

ناماز ئوقۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئىشلاردىن بىرى سادىر بولسا، ناماز بۇزۇلىدۇ:

1. نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى چالا قالسا؛

2. نامازنىڭ ئەركانلىرىدىن بىرى تەرك ئېتىلسە؛

3. ناماز ئوقۇش جەريانىدا قەستەن، سەۋەنلىك بىلەن ياكى خاتالىشىپ گەپ قىلىپ سالسا؛

4. «ئى ئاللاھ! پالانىخاننى ماڭا تويلاپ قويسىلا! ئى ئاللاھ! ماڭا بىر ئالما يېگۈزۈپ قويسىلا!» دېگەنگە ئوخشاش، ئىنسانلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان گەپلەرنى قىلسا؛

5. قەستەن، سەۋەنلىك بىلەن ياكى خاتالىشىپ بىرەر كىشىگە سالام قىلسا ياكى سالامغا تىلى يا قولى ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرسا (ئىشارەت ئارقىلىق سالامغا جاۋاب قايتۇرسا، ناماز بۇزۇلمايدۇ)؛

6. كۆپ ھەرىكەت قىلسا؛

7. بەدىنىنى قىبلىدىن (باشقا تەرەپكە) بۇرىسا؛

8. ئاز بولسىمۇ بىرەر نەرسە يېسە ياكى ئىچسە؛

9. چىش ئارىسىغا كىرىۋالغان نەرسىنى يۇتۇۋەتسە

ۋە يۈتۈۋەتكەن نەرسە پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتا بولسا؛

10. زۆرۈرىيەتسىز يۆتەلسە؛

11. ئاللاھتىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى باشقا سەۋەبلەردىن ئاھ ئۇرسا، «ئۇف» دېسە ياكى ئىڭرىسا؛

12. ئىختىيارسىز ئىڭراپ سالىدىغان ياكى ئاھ ئۇرىدىغان كېسەل بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇنداق كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ؛

13. ئاللاھتىن قورقۇپ ياكى جەننەت ۋە دوزاخنى ئەسلەپ ئەمەس، بەلكى ئاغرىق ياكى مۇسىبەتتىن ئۈن سېلىپ يىغلىغان بولسا؛

14. نامازنىڭ بىرەر رۈكنىنى ئادا قىلىش ئەسناسىدا نامازخاننىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالسا؛

15. نامازنىڭ بىرەر رۈكنىنى ئادا قىلىش ئەسناسىدا نامازخاننىڭ بەدىنىدە، كىيىمىدە ياكى ناماز ئوقۇغان جايىدا نىجاسەت بارلىقى مەلۇم بولسا؛

16. نامازخان سارالڭ بولۇپ قالسا؛

17. نامازخان بىھوش بولۇپ قالسا؛

18. بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا كۈن چىقىپ قالسا؛

19. ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇۋاتقاندا كۈن قايرىلغان بولسا؛

20. جۈمە نامىزى ئوقۇۋاتقاندا ئەسىر نامىزىنىڭ

ۋاقتى كىرىپ قالسا؛

21. تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇغان كىشى ناماز ئەسناسىدا سۇ كۆرسە ۋە سۇنى ئىشلىتىشكە قادىر بولسا؛

22. نامازخاننىڭ ئۆزى ياكى باشقا بىرىنىڭ قىلىقى سەۋەبلىك تاھارىتى بۇزۇلغان بولسا؛

23. «ئاللاھۇ ئەكبەر (الله أكبر)» دېگەن تەكبىردىكى «ئەكبەر» كەلىمىسىنىڭ ھەمزىسىنى سوزۇپ ئوقۇپ قويسا؛

24. بىرەر رۇكنىنى ئادا قىلىش ئەسناسىدا ئۇخلاپ قېلىپ، ئويغانغاندىن كېيىن قايتا ئادا قىلمىسا؛

25. نامازخان تەرتىپ بىلەن قازاسىنى قىلىشى ۋاجىب بولغان بىرقانچە نامازنى ئادا قىلىش جەريانىدا قېپقالغان بىرەر نامازنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالسا؛

26. ئىمامنىڭ ناماز ئەسناسىدا تاھارىتى سۇنۇپ كېتىپ، ئىماملىققا نالايىق بىرىنى ئورنىدا تۇرغۇزۇپ قويغان بولسا؛

27. تاھارىتىم سۇنۇپ كەتتى دېگەن گۇمان بىلەن مەسچىتتىن چىقىپ كەتكەن ياكى سەپلەردىن ئاتلاپ بولغان ياكى سىرتلاردا ناماز ئوقۇغاندا سۇترەنى[51] تاشلاپ كەتكەن بولسا؛

---

[51] نامازخان باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامىزىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن تىكلەپ قويىدىغان ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

28. ناماز ئەسناسىدا ئاۋازلىق كۈلگەن بولسا؛

29. نامــاز ئەسناســىدا ئــاز ياكــى كــۆپ ھەرىكــەت بىلــەن ئۆتنۈكىنــى ســالغان بولســا؛

30. ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامدىن بۇرۇن رۇكۇ قىلسا؛

31. ئىمامدىــن بــۇرۇن رۇكۇدىــن بېشــىنى كۆتــۈرۈپ ســالغان ئــادەم دەرھــال ئىمــام بىلــەن قايتىدىــن رۇكــۇ قىلمىســا؛

32. نامــاز ئەسناســىدا بىــرەر ئايــال زاتىغــا قــاراپ، گۈزەللىكىنــى ئويــلاش ياكــى ئېھتــلام بولــۇش بىلــەن جۇنــۇپ بولــۇپ قالســا.

## نامازغا دەخلى يەتكۈزمەيدىغان ئىشلار

تۆۋەندىكى ئىشلار بىلەن ناماز بۇزۇلمايدۇ:

1. ســەۋەنلىكتىن نامازدىــن چىقــش ئۈچــۈن ســالام بەرســە؛

2. بىرەر كىشى سەجدىگاھىدىن ئۆتسە؛

3. چىــش ئارىســىغا كىرىۋالغــان پۇرچاقتىــن كىچىكــرەك نەرســىنى يۇتۇۋەتســە؛

4. مەكتۇپتــەك نەرســىگە قارىغــان ۋە (مەزمۇنىنــى) چۈشــەنگەن بولســا.

# نامازدا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار

نامازدا تۆۋەندىكى ئىشلار مەكرۇھ بولۇپ، نامازغا نۇقسانلىق يېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش لازىم:

1. نامازنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرەرسىنى تەرك ئېتىش؛

2. كىيىم ياكى بىرەر ئەزانى ئويناپ تۇرۇش؛

3. مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىشتىن خىجىل بولىدىغان ئىش كىيىملىرىدە ناماز ئوقۇش؛

4. نامازدا بىرەر نەرسىگە تايىنىپ تۇرۇش؛

5. ھاجەتسىز ئوڭ ـ سول تەرەپكە بۇرۇلۇش؛

6. بىراۋنىڭ چىرايىغا قاراپ ناماز ئوقۇش؛

7. چوڭ ـ كىچىك تەرەت ياكى يەل قىستىغاندا ناماز ئوقۇش؛

8. باشقىلارنىڭ يېرىدە رازىلىقىنى ئالماستىن ناماز ئوقۇش؛

9. ئوت تەرەپكە ياكى ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇرغا قاراپ ناماز ئوقۇش؛

10. مۇنچا ۋە ھاجەتخانا دېگەندەك ناپاك جايلاردا ناماز ئوقۇش؛

11. يول ئۈستىدە ناماز ئوقۇش؛

12. قەبرىستانلىقتا ناماز ئوقۇش؛

13. نىجاسەتكە يېقىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇش؛

14. ھېچقانداق ئۆزرىسى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ناماز ئوقۇش جائىز بولىدىغان ئاز نىجاسەت بىلەن ناماز ئوقۇش؛

15. جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كىيىملەردە ناماز ئوقۇش؛

16. ئۈستى تەرەپتە ياكى ئالدى ـ كەينىدە سۈرەت بار ئورۇندا ناماز ئوقۇش؛

17. بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىش؛

18. بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈش؛

19. ئۆزرىسىز چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇش؛

20. ئىتتەك[52] ئولتۇرۇش؛

21. سەجدىدە ئىككى بىلىكىنى يەرگە چاپلىۋېلىش؛

22. ئىككى قولىنى بېقىنىغا قويۇۋېلىش؛

23. ئىككى يېڭىنى تۈرۈۋېتىش؛

24. پەقەت ئىشتان بىلەن ياكى كۆڭلىكى بار تۇرۇپ كالتا ئىشتان بىلەن ناماز ئوقۇش؛

25. ئاسمانغا قاراش؛

---

[52] ئىت كاسىسىنى يەرگە چاپلاپ، ئالدى ئىككى پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇرغاندەك، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ كاسىسىنى يەرگە چاپلاپ، ئىككى پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

26. ئالدىنقى سەپتە بوش يەر بار تۇرۇپ كەينى سەپتە ناماز ئوقۇش؛

27. ئايەتلەرنى ۋە زىكىرلەرنى بارماق بىلەن ساناش؛

28. ناماز ئەسناسىدا ھېچقانداق دەخلىسى بولمايدىغان توپىلارنى يۈزىدىن سۈرتۈۋېتىش؛

29. ئۆزرىسىز پېشانە بىلەنلا سەجدە قىلىش؛

30. تاماق كەلگەندە كۆڭلى تاماقنى ئىشتىھا قىلىۋاتقان تۇرۇپ ناماز ئوقۇش؛

31. مەلۇم سۈرىنى بەلگىلىۋېلىپ، باشقىسىنى ئوقۇماسلىق؛

32. پەرز نامازنىڭ ھەر ئىككى رەكئىتىدە باشقا سۈرىنىمۇ ياد بىلىدىغان تۇرۇپ بىر سۈرىنى تەكرار ئوقۇش؛

33. پەرز نامازلاردا قەستەن سۈرىلەرنىڭ تەرتىپى بويىچە ئوقۇماسلىق؛

34. ئىككىنچى رەكئەتنى بىرىنچى رەكئەتتىن بەك زىيادە ئۇزۇن ئوقۇش؛

35. ئىككى قول ياكى ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرىنى سەجدىدە ياكى باشقا ھالەتلەردە قىبلىدىن باشقا ياققا بۇراش؛

36. سەللىنىڭ ئۇچىغا ياكى جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى ئۈستىگە سەجدە قىلىش؛

37. پەرز نامازلاردىكى قىرائەتتە ئىككى سۈرە ئارىسىدىكى قىسقا بىر سۈرىنى تاشلاپ قويۇش. مەسىلەن، بىرىنچى رەكئەتتە تەكاسۇر سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە ھۇمەزە سۈرىسىنى ئوقۇپ، ئەسىر سۈرىسىنى تاشلاپ قويۇش؛

38. رۇكۇدا قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويماسلىق؛

39. تەشەھھۇدتا ۋە ئىككى سەجدە ئارىسىدىكى ئولتۇرۇشتا قولىنى يوتىسىنىڭ ئۈستىگە قويماسلىق؛

40. ئەسنەش (ئەگەر ئەسنەك بېسىۋالسا، ئېغىزىنى ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن توسۇۋالسۇن)؛

41. ئىشارەت بىلەن سالامغا جاۋاب قايتۇرۇش؛

42. پىت ئۆلتۈرۈش؛

43. بېشىنى لۆڭگە بىلەن تېڭىۋېلىپ، بېلىنى ئوچۇق قويۇپ ناماز ئوقۇش؛

44. چېچىنى تۈگۈۋېلىپ ناماز ئوقۇش؛

45. رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغاندا كىيىمىنىڭ توپا بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كىيىمىنى ئالدىدىن ياكى كەينىدىن كۆتۈرۈۋېلىش؛

46. كىيىمىنى بېشىغا ياكى ئىككى مۈرىسىگە ئارتىۋېلىپ، ئىككى تەرىپىنى قويۇپ بېرىش؛

47. ئىشتان ياكى كۆڭلىكىنى ئوشۇقىنىڭ ئاستىغىچە قويۇپ بېرىش؛

48. قىرائەت تامام بولۇشتىن بۇرۇن رۇكۇ قىلىش ۋە داۋامىنى رۇكۇدا تاماملاش؛

49. ئىمامنىڭ ئۆزرىسىز مېھرابنىڭ ئىچىگە تولۇق كىرىپ تۇرۇشى؛

50. ئىمامنىڭ ئۆزى يالغۇز بىر گەز (تەخمىنەن 46 سانتىمېتىر) ئېگىزلىكتە ياكى ئۆزرىسىز پەس ئورۇندا تۇرۇشى. ئەگەر ئىقتىدا قىلغۇچىلاردىن بىرى ئىمام بىلەن بىرگە تۇرسا، ناماز مەكرۇھ بولمايدۇ؛

51. سەۋەبسىز ئىككى كۆزىنى يۇمۇۋېلىش.

# نامازدا مەكرۇھ بولمايدىغان ئىشلار

نامازدا تۆۋەندىكى ئىشلار مەكرۇھ بولمايدۇ:

1. يۈزنى بۇرىماستىن كۆزنى يۈگۈرتۈش؛

2. قۇرئاننى ئالدىغا قويۇپ قاراپ ئوقۇش؛

3. گەپ قىلىپ ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئۇچىسىغا قاراپ ناماز ئوقۇش؛

4. پانۇس ياكى چىراغ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش؛

5. نەپلە نامازلاردا ئىككى رەكئەتتە ئوخشاش سۈرە ئوقۇش؛

6. نامازدىن كېيىن پېشانىسىدىكى توپا ياكى ئوت - چۆپ دېگەندەك نەرسىلەرنى سۈرتۈۋېتىش؛

7. ناماز ئەسناسىدا بىئارام قىلىدىغان ياكى دىققىتىنى چېچىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى سۈرتۈۋېتىش؛

8. يىلان ياكى چايان چېقىۋېلىشىدىن قورقسا، ئۆلتۈرۈۋېتىش؛

9. رۇكۇ ياكى سەجدىدە بەدەنگە چاپلىشىپ قالغان كىيىمنى سىلكىۋېتىش؛

10. سۈرەت ئۈستىگە سەجدە قىلماسلىق شەرتى بىلەن جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن بىساتلار ئۈستىدە ناماز ئوقۇش؛

11. ئېسىپ قويۇلغان قىلىچ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇش.

# ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى

ناماز ئوقۇماقچى بولغىنىڭىزدا، ئۆرە تۇرۇڭ ۋە ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ، ئىككى قولىڭىزنى قۇلىقىڭىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈڭ؛ ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭ؛ تەكبىر تەھرىيمىدىن كېيىن دەرھال ئوڭ قولىڭىزنى سول قولىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىندىكىڭىزنىڭ ئاستىدا تۇتۇڭ؛ ئاندىن «سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋەلا ئىلاھە غەيرۇكە»نى مەخپىي ئوقۇڭ؛ ئاندىن «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» بىلەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم»نى پەس ئاۋازدا ئوقۇڭ.

ئاندىن فاتىھەنى ئوقۇڭ؛ فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «ئامىن» دەڭ؛ ئاندىن بىر سۈرە ياكى قىسقا ئۈچ ئايەت ياكى ئاز دېگەندە ئۇزۇن بىر ئايەت ئوقۇڭ؛ ئاندىن بېشىڭىزنى ساغرىڭىز بىلەن تەكشى ھالەتكە كەلگۈچە پەسلەپ، بارماقلىرىڭىزنىڭ ئارىسىنى يىغنۋالماستىن، ئىككى ئالقىنىڭىز بىلەن ئىككى تىزىڭىزنى قاماللاپ تۇتقان ھالدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇ قىلىڭ؛ رۇكۇ قىلغاندا، ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەلئەزىم» دېگەندىن كېيىن، «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ، رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دەپ بېشىڭىزنى رۇكۇدىن كۆتۈرۈڭ. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسىڭىز، «رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ» دېسىڭىزلا

كۇپايە. ئاندىن ئۆزىڭىزنى توختىتىپ، ئۆرە تۇرۇڭ؛ ئاندىن سەجدىگە بېرىشتىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭ؛ سەجدىگە بارغاندا ئاۋۋال ئىككى تىزىڭىزنى، ئاندىن ئىككى قولىڭىزنى، ئاندىن يۈزىڭىزنى ئىككى قولىڭىزنىڭ ئارىسىغا ئۇدۇللاپ يەرگە قويۇڭ؛ قىستاڭچىلىق بولمىغان ئەھۋالدا قورساقىڭىزنى يوتىڭىزدىن، ئىككى بىلىكىڭىزنى بېقىنىڭىزدىن ئۇزاق تۇتۇپ، بۇرنىڭىز ۋە پېشانىڭىزنى يەرگە تەگكۈزۈپ، قول ۋە پۇتلىرىڭىزنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئالدىرىماي سەجدە قىلىڭ. سەجدىدە ئاز دېگەندە، ئۈچ قېتىم «سۇبهانە رەببىيەلئەئلا» دەڭ.

ئاندىن بىرىنچى قېتىملىق سەجدىدىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭ ۋە ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئىككى قولىڭىزنى ئىككى يوتىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇپ بىرئاز ئولتۇرۇڭ؛ ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئىككىنچى قېتىم سەجدە قىلىڭ؛ ئىككىنچى سەجدىدىمۇ ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم «سۇبهانە رەببىيەلئەئلا» دەڭ؛ ئاندىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ، قولىڭىز بىلەن يەرگە تايانماي ۋە ئولتۇرۇۋالماي، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرۇڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى رەكئەت تامام بولىدۇ.

ئىككىنچى رەكئەتمۇ بىرىنچى رەكئەتكە ئوخشاش، بىراق بۇنىڭدا ئىككى قولىڭىزنى كۆتۈرمەيسىز، «باشلاش دۇئاسى»نى ئوقۇمايسىز، «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» دېمەيسىز.

ئىككىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىنى قىلغاندىن كېيىن، سول پۇتىڭىزنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىڭىزنى تىكلەپ، بارماقلىرىڭىزنىڭ ئۇچلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ ئولتۇرۇڭ؛ ئىككى قولىڭىزنى بارماقلىرىڭىزنى يايغان هالدا يوتىڭىزنىڭ ئۈستىگە قويۇڭ؛ ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ تەشەههۇد دۇئاسىنى ئوقۇڭ: «**التَّحِيَّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، السَّلاَمُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللَّهِ وَبَرَكَاتُهُ، السَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللَّهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ**»[53] .

ئەگەر بامدات نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەتلىك ناماز بولسا، تەشەههۇدتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مۇنداق دۇرۇت ئوقۇڭ: «**اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ**»[54].

ئاندىن قۇرئان ۋە هەدىستە كەلگەن بەزى دۇئالارنى قىلىڭ. مەسىلەن، «**رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ**»[55] دېگەن دۇئانى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋەرەهمەتۇللاھ» دەپ سالام بېرىڭ؛ هەر ئىككى قېتىملىق سالامدا سىز بىلەن بىرگە نامازئوقۇغانلارنى، سالىه جىنلارنى ۋە مۇهاپىزەتچى پەرىشتىلەرنى نىيەت قىلىڭ.

---

[53] سەهىيهۇلبۇخارىي، 1202 - هەدىس

[54] سەهىيهۇلبۇخارىي، 3370 - هەدىس

[55] سۈرە بەقەرە، 201 - ئايەت.

ئەگەر ئۈچ رەكئەتلىك ياكى تۆت رەكئەتلىك ناماز بولسا، بىرىنچى قېتىملىق ئولتۇرۇشتا پەقەت تەشەھھۇدنىلا ئوقۇپ، «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۈچىنچى رەكئەت ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇلىدۇ؛ ئۈچ رەكئەتلىك نامازدا ئۈچىنچى رەكئەتتە فاتىھەنىلا ئوقۇلىدۇ. پېشىن ۋە ئەسىرگە ئوخشاش تۆت رەكئەتلىك نامازدىمۇ فاتىھەنىلا ئوقۇپ، ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىكىگە ئوخشاش رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىنىدۇ؛ ئاندىن ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ تەشەھھۇد ئوقۇلىدۇ ۋە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇلىدۇ.

# جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار﴾[56].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«جامائەت بىلەن ئوقۇلغان نامازنىڭ پەزىلىتى يالغۇز ئوقۇغان نامازدىن يىگىرمە يەتتە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ»**[57].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئۆمرىدە نامازنى ئىزچىل جامائەت بىلەن ئوقۇغان. نادىر ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كېسەل چاغلىرىدىمۇ جامائەتتىن قالمىغان. ئۇ زات جامائەت نامىزىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، ساھابىلەردىنمۇ ئۆزرىلىك ياكى ئاشكارا مۇناپىقلاردىن باشقا ھېچكىم جامائەت نامىزىدىن قالمايتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: **«مەن (بىزنىڭ دەۋرىمىزدە) پەقەت مۇناپىقلىقى ئاشكارا بولغانلارنىڭ ياكى كېسەللەرنىڭلا نامازغا كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. (ھەتتا بەزى) كېسەللەرمۇ ئىككىيلەننىڭ يارىدىمىدە نامازغا كېلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ھىدايەت يوللىرىنى ئۆگىتىپ قويدى. شەكسىزكى، ھىدايەت يوللىرىدىن بىرى ئەزان ئوقۇلىدىغان مەسچىتتە ناماز ئوقۇشتۇر»**[58].

---

[56] سۈرە بەقەرە، 43- ئايەت.

[57] سەھىيھۇلبۇخارىي، 645 - ھەدىس

[58] سەھىھ مۇسلىم، 654 - ھەدىس

جامائەت دېگەن ئىمام بىلەن ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامىزى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەتتۇر. جۈمە نامىزىدىن باشقا نامازلاردا ئىمامنىڭ يېنىدا بىر كىشىنىڭ بولۇشى بىلەن جامائەت شەكىللىنىدۇ. جۈمە نامىزىدا ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشى بىلەن جامائەت شەكىللىنىدۇ.

## جامائەت نامىزىنىڭ ھۆكمى

جامائەت نامىزى ئەر كىشى ئۈچۈن تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، بەش ۋاقىت نامازدىكى مۇھىملىق دەرىجىسى ۋاجىپقا ئوخشاپ قالىدۇ.

شەرئەت ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر ئۆزرە بولمىسىلا جامائەت نامىزىدىن قېلىشقا بولمايدۇ. ئۆزرىسىز جامائەت نامىزىدىن قېلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ

جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامىزى ئۈچۈن جامائەت بولۇشى شەرت. بۇ نامازلار جامائەتسىز ئادا بولمايدۇ.

تەراۋىھ نامىزى ۋە كۈن تۇتۇلۇش نامىزى ئۈچۈن جامائەت بولۇش كۇفايە دەرىجىلىك كۈچلۈك سۈننەتتۇر.

رامىزاندىكى ۋىتىر نامىزى ئۈچۈن جامائەت بولۇش مۇستەھەبتۇر.

رامىزاندىن باشقا چاغلاردا ۋىتىر نامىزىنى داۋاملىق جامائەت بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ تەنزىيهي بولىدۇ. ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالماي، بىر - ئىككى قېتىم ئوقۇسا كېرەك يوق.

نەپلە نامازلارنى باشقىلارغا تەشۋىق قىلىپ، جامائەت بىلەن ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئەمما، ئۆزلۈكىدىن توپلىشىپ قىلىپ، ئەزان ۋە تەكبىرسىز، جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.

ئىمام ۋە مۇئەززىنى بار مەھەللە مەسچىتىدە مەھەللىدىكى كىشىلەر ئەزان ۋە تەكبىر بىلەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغان بولسا، ئىككىنچى قېتىم جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش مەكرۇھ. ئەمما، ئىككىنچى قېتىملىق جامائەتنىڭ ئىمامى بىرىنچى قېتىملىق جامائەتنىڭ ئىمامى تۇرغان ئورۇندا تۇرمىسا ۋە بۇرۇنقى ھالەتكە ئوخشاپ قالمىغان بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.

**جامائەت نامىزى كىملەرگە سۈننەت بولىدۇ؟**

جامائەت نامىزى تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ۋاجىبقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۈچلۈك سۈننەتتۇر:

1. ئەر كىشى بولۇش، چۈنكى جامائەت نامىزى ئايال كىشىگە سۈننەت بولمايدۇ؛

2. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، چۈنكى جامائەت نامىزى نارەسىدىگە سۈننەت بولمايدۇ؛

3. ئەقىللىق بولۇش، چۈنكى جامائەت نامىزى ساراڭغا سۈننەت بولمايدۇ؛

4. ئۆزرىسى بولماسلىق، چۈنكى جامائەت نامىزى ئۆزرىلىك كىشىگە سۈننەت بولمايدۇ؛

ئەمما، ئايال، نارەسىدە، سارالڭ ۋە ئۆزرىلىك كىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەرقاندىقى جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇغان بولسا، نامىزى ئادا بولىدۇ ۋە ساۋابقا نائىل بولىدۇ.

## جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش قاچان كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟

تۆۋەندىكى ئۆزرىلەردىن بىرى بولسا، جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش كەچۈرۈم قىلىنىدۇ:

1. قاتتىق يامغۇر ياغقاندا؛

2. قاتتىق سوغۇق بولۇپ، مەسچىتكە چىقسا، ئاغرىپ قېلىشتىن ياكى كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندە؛

3. يول پاتقاق بولۇپ كەتكەندە؛

4. شىددەتلىك بوران چىققاندا؛

5. ئاغرىپ قالغاندا؛

6. ئەما كىشىگە؛

7. مەسچىتكە بارالمايدىغان دەرىجىدە ياشانغان كىشىگە؛

8. كېسەلنىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان كېسەل باققۇچىغا؛

9. چوڭ ياكى كىچىك تەرەت قىستىغاندا؛

10. بەندە ھەققى سەۋەبلىك ياكى سەۋەبسىز

مەھبۇس بولسا؛

11. ئىككىلا پۇتى ياكى بىر پۇتى يوق بولسا؛

12. پالەچلىككە ئوخشاش يول يۈرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان كېسەللىك بولسا؛

13. قورسىقى ئاچ، كۆڭلى تاماقنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرغاندا تاماق ھازىر بولسا؛

14. سەپەرگە تەييارلىنىۋاتقان بولسا؛

15. جامائەت نامىزىغا قاتنىشىمەن دېسە، مال ـ مۈلكىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولسا؛

16. پويىزنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن ياكى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە.

# ئىماملىق قىلىشنىڭ شەرتلىرى

ئىماملىق قىلىشنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئىمامدا تۆۋەندىكى شەرتلەر تولۇقلانغان بولۇشى كېرەك:

1. ئەر كىشى بولۇش، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئىماملىق قىلىشى دۇرۇس ئەمەس؛

2. مۇسۇلمان بولۇش؛

3. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، نارەسىدىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس؛

4. ئەقلى هوشى جايىدا بولۇش، ساراڭنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس؛

5. نامازغا لايىق قىرائەت قىلالايدىغان بولۇش، قىرائەت قىلالايدىغان كىشىگە قىرائەت قىلالمايدىغان ساۋاتسىز كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى دۇرۇس ئەمەس؛

6. تاهارەتلىك بولۇش ۋە ئەۋرەتنى يۆگەشكە ئوخشاش نامازنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىنى يوقىتىپ قويماسلىق؛

7. بۇرنى قاناش، سۈيدۈك تۇتالماسلىق ۋە يەل قېچىش دېگەندەك ئۆزرىلەردىن سالامەت بولۇش؛

8. تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلالايدىغان دەرىجىدە تىلى ساغلام بولۇش. مەسىلەن: «ر» هەرپىنى «غ»، «س» هەرپىنى «ث»گە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ مەزكۇر هەرپلەرنى لاياقەتلىك تەلەپپۇز قىلالايدىغان كىشىگە ئىماملىق قىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

## ئىمامـلىق قىلىشـتا كىـم ئالدىغـا چىقىشـقا ئـەڭ لايىــق؟

هاكىم ۋە ئورۇنباسارى ئىمام بولۇشقا ئەڭ لايىقتۇر.

بىــر مەســچىتكە تەيىنلىگــەن ئىمــام پەقــەت شــۇ مەســچىتتىلا ئىمامـلىـق قىلىشـقا لايىقتـۇر.

ئۆيـدە جامائـەت بولـۇپ نامـاز ئوقۇغانـدا، ئـۆي ئىگىسـى ئىمـام بولۇشـقا لايىـق بولسـىلا، ئىمامىلىققـا ئـەڭ لايىـق كىشـى شـۇدۇر.

كۆپچىلىـك ئىچىدە هاكىم، ئورۇنباسـارى، تەيىنلەنگەن ئىمـام ياكـى ئـۆي ئىگىسـى دىگەنلەردىـن هىچقايىسـىبىرى بولمىسـا، ئىمامىلىققـا ئـەڭ لايىـق كىشـى نامازنىـڭ ئـادا بولـۇش ۋە بۇزۇلۇشـىغا مۇناسـىۋەتلىك ئەهكاملارنـى ئـەڭ ياخشـى بىلىدىغـان كىشـىدۇر.

ئاندىـن قالسـا نامازنىـڭ ئەهكاملىرىنـى بىلىـش بىلـەن بىرگـە قۇرئاندىـن ئـەڭ كـۆپ يادلىغـان كىشـىدۇر.

ئاندىـن قالسـا ئـەڭ تەقـۋادار كىشـى، ئاندىـن قالسـا پىشـقەدەمراقىدۇر.

هەممەيلـەن يۇقىرىقـى تەرەپلـەردە ئوخشـاش بولسـا، ئۇلارغا جامائـەت ئارىسـىدىن تاللىغـان بىـرى نامـاز ئوقـۇپ بېرىدۇ.

جامائـەت بىـر پىكىرگـە كېلەلمىسـە، كـۆپ سـانلىقلار تاللىغـان كىشـى نامـاز ئوقـۇپ بېرىـدۇ.

ئەگـەر ئـۇلار مۇناسـىپ بولمىغان كىشـىنى ئالدىغا چىقىرىـپ قويسـا، سۈننەتكە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان بولىدۇ.

**ئىماملىق قىلىشتا ۋە جامائەت نامىزىدا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار**

1. پاسىقنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ؛

2. بىدئەتچىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ؛

3. ئەمانىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ، جامائەت ئىچىدە ئىمام بولۇشقا ئۇنىڭدىنمۇ لايىقراق بىرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ بولمايدۇ؛

4. ئالىم بار يەردە سەھرالىق ياكى شەھەرلىك بولسۇن، بىلىمسىز كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ؛

5. نۇقسانلىقلىرى تۈپەيلى كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىنىڭ ئىمام بولۇشى مەكرۇھ؛

6. نامازنى سۈننەتتىكى ئۆلچەمدىن زىيادە قىلىۋېتىش مەكرۇھ؛

## ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئورنى ۋە سەپنىڭ تەرتىپى

ئىمام بىلەن بىر ئەر كىشى ياكى نارەسىدە بىر ئوغۇل بولسا، ئىمامنىڭ ئوڭ تەرىپىدە (سەپتىن) ئازراق چېكىنىپ تۇرىدۇ.

ئىمام بىلەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم بولسا، ھەممىسى ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر ئەر ياكى نارەسىدە بىر ئوغۇل بولسىمۇ، ئىمامنىڭ كەينىدە تۇرىدۇ.

ئەرلەر، ئاياللار، نارەسىدە ئوغۇللار ۋە قوش جىنسلىقلار جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئاۋۋال ئەرلەر، ئاندىن نارەسىدە ئوغۇللار، ئاندىن قوش جىنسلىقلار، ئاندىن ئاياللار سەپ تۈزىدۇ.

ئىمامنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتكەندە، ئىمام بولۇپ نامازنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، بىرىنچى سەپتە ئەڭ لايىق كىشىلەر تۇرۇشى كېرەك.

ئىمام رۇكۇدىكى ۋاقتىدا كەلگەن كىشى سەپ ئارىسىدا بوش ئورۇن بولسا، سەپنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ نامازغا كىرمەيدۇ؛ بەلكى بىر رەكئەتكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسىمۇ، سەپنىڭ ئىچىگە كىرىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا كىرىدۇ.

# ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى

ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش تۆۋەندىكى بىرقانچە شەرت ئاستىدا دۇرۇس بولىدۇ:

1. ئىقتىدا قىلغۇچى نامازغا تۇرغاندا، ئىمامغا ئەگىشىشنى نىيەت قىلىش؛

2. ئىمام جامائەتتىن ئاز دېگەندە بىر تاپان مىقدارى ئالدىغا چىققان بولۇش؛

3. ئىمام جامائەتتىن تۆۋەن دەرىجىدە بولماسلىق. مەسىلەن، ئىمام نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان، ئىقتىدا قىلغۇچى پەرز ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر ئىمام پەرز ناماز ئوقۇيدىغان، ئىقتىدا قىلغۇچى نەپلە ناماز ئوقۇيدىغان بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس؛

4. ئىمام ۋە ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامىزى ئوخشاش بولۇش. مەسىلەن، ئىمام پېشىن نامىزى ئوقۇيدىغان، ئىقتىدا قىلغۇچى ئەسىر نامىزى ئوقۇيدىغان ياكى بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ؛

5. ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا ئاياللار سېپى بولماسلىق؛

6. ئىمام بىلەن جامائەت ئارىسىدا قېيىق ماڭالايدىغان كەڭلىكتە دەريا بولماسلىق؛

7. ئىمام ۋە جامائەت ئارىسىدا ماشىنا ياكى ھارۋا ماڭىدىغان يول بولماسلىق؛

8. ئىمام ۋە جامائەت ئارىسىدا ئىمامنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بىلىشتىن توسىۇپ قويىدىغان بىر نەرسە بولماسلىق.

ئىقتىدا قىلغۇچىغا ئىمامنىڭ ھەرىكەتلىرى ئاڭلاش ياكى كۆرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس.

تاھارەت ئالغۇچىنىڭ تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

پۇتىنى يۇغان كىشىنىڭ ئۆتۈككە مەسىھ قىلغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

تىك تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ دوك بولۇپ قالغان كىشىگە ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدىغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس.

بىرەر سەۋەبتىن ئىمامنىڭ نامىزى بۇزۇلسا، ئىقتىدا قىلغۇچىلارنىڭ نامىزىمۇ بۇزۇلىدۇ. ھەممەيلەننىڭ نامازنى قايتا ئوقۇشى ئۈچۈن، نامازنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلىشى ۋاجىب.

**جامائەت ئىمامغا قاچان ئەگىشىپ، قاچان ئەگەشمەيدۇ؟**

جامائەت تەشەھھۇدنى تۈگىتىشتىن بۇرۇن ئىمام ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرسا، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇرمايدۇ، بەلكى تولۇق ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرىدۇ.

جامائەت تەشەھھۇدنى تۈگىتىشتىن بۇرۇن ئىمام سالام بېرىۋەتسە، جامائەت ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ بەلكى تەشەھھۇدنى تولۇقلاپ، ئاندىن سالام بېرىدۇ.

ئىمام بىر سەجدىنى ئارتۇق قىلىۋەتسە، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ ئارتۇق سەجدە قىلمايدۇ.

ئىمام سەۋەنلىكتىن ئاخىرقى ئولتۇرۇشتىن كېيىن تۇرۇپ كەتكەن بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىپ ئۆرە تۇرمايدۇ، بەلكى ئىمامنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن «سۇبھانەللاھ» دەيدۇ ۋە ئولتۇرۇۋېلىشنى ساقلايدۇ.

ئىمام بىر رەكئەتنى زىيادە ئوقۇپ، سەجدىگە كېتىپ قالغان بولسا، جامائەت ئۆز ئالدىغا سالام بېرىدۇ.

ئىمام بىر رەكئەتنى ئارتۇق ئوقۇپ، سەجدىگە بېرىشتىن بۇرۇن جامائەت سالام بېرىۋەتكەن بولسا، نامىزى باتىل بولىدۇ.

جامائەت ئۈچ قېتىم «سۇبھانە رەببىيەلئەزىيم» ياكى «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» دەپ بولغۇچە ئىمام رۇكۇ ياكى سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەن بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگىشىدۇ ۋە «سۇبھانە رەببىيەلئەزىيم» ياكى

«سۇبھانە رەببىيەلئەئلا» دېمەيدۇ.

ئەقتىدا قىلغۇچىنىڭ ئىمامدىن بۇرۇن سالام بېرىشى مەكرۇھ. ئىمام تەشەھھۇدنى تۈگىتىپ بولغۇچە سالام بەرگەن بولسا، نامىزى بۇزۇلىدۇ.

# سۈترىگە ئالاقىدار ئەھكاملار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇماقچى بولسا، سۈترىگە قاراپ ئوقۇسۇن ۋە ئۇنىڭغا يېقىن تۇرسۇن»**[59].

سۈترە: نامازخان باشقىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامىزىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن تىكلەپ قويىدىغان ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمامنىڭ ئادەم ئۆتۈپ تۇرىدىغان يەرلەردە ئالدىغا سۈترە قويۇشى مۇستەھەب.

جامائەتنىڭ سۈترە قويۇشىغا كېرەك يوق، چۈنكى ئىمامنىڭ سۈترىسى جامائەتنىڭ سۈترىسى ھېسابلىنىدۇ.

نامازخاننىڭ سۈترىگە يېقىن تۇرۇشى؛ ئۇدۇل تۇرۇۋالماي، ئوڭ ياكى سول تەرىپىگىرەك تۇرۇشى مۇستەھەب.

سۈترىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر گەز ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، بىر بارماق كەڭلىكىدە ياكى ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولۇشى شەرت.

---

[59] ئەبۇ داۋۇد، 695 ـ ھەدىس.

# ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

چوڭ مەسچىتلەردە ياكى ئوچۇق مەيداندا نامازخاننىڭ ئالدىدىن ئىككى پۇتىنىڭ ئورنىدىن باشلاپ سەجدىگاھىغىچە بولغان ئارىلىقتىن ئۆتۈش جائىز ئەمەس.

كىچىك مەسچىتلەردە ياكى كىچىك ئۆيلەردە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئورنىدىن قىبلە تېمىغىچە بولغان ئارىلىقتىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

نامازخان كىشىلەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان يەردە سۇترىسىز ناماز ئوقۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىشى جائىز ئەمەس.

بىر كىشى نامازخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولسا، نامازخاننىڭ ئۇنى ئىشارەت ياكى «سۇبھانەللاھ» دېيىش ئارقىلىق توسۇپ قېلىشى جائىز.

نامازخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىنى قىرائەت ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق توسۇپ قېلىشىمۇ جائىز. ئەمما، قول بىلەن توسۇش جائىز ئەمەس.

ئايال كىشى ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىنى ئىشارەت قىلىش ياكى ئالقىنى بىلەن يوتىسىغا ئۇرۇش ئارقىلىق توسۇپ قالسا بولىدۇ، ئەمما قىرائەتتە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرمەيدۇ.

# نامازنى بۇزۇش قاچان ۋاجىب، قاچان جائىز بولىدۇ؟

نامازخان «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن، شەرئەت قوبۇل قىلىدىغان بىرەر ئۆزرىسى بولماي تۇرۇپ نامىزنى بۇزۇۋېتىشى جائىز ئەمەس.

نامازخاننىڭ دادىسى ياكى ئانىسى چاقىرسا، نامىزنى بۇزۇۋېتىشى جائىز ئەمەس.

نامازخان بىرەر ئەما كىشىنىڭ قۇدۇققا ياكى ئورەككە يىقىلىپ قالغانلىقىنى كۆرسە ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇرمىسا، قۇدۇققا ياكى ئورەككە چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىسە، نامىزنى بۇزۇپ، ئۇنى يولىغا باشلاپ قويۇشى ۋاجىب.

بىرەر ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان كىشى ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىدىن جىددىي ياردەم سورىسا، ياردەم بېرىشكە كۈچى يەتسە نامىزنى بۇزۇپ، ياردەم بېرىشى ۋاجىب.

نامازخان مەيلى ئۆزىگە ئائىت بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ بولسۇن، بىر تەڭگە[60] چاغلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ ئوغرىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، نامىزنى بۇزۇپ، ئوغرىنى توسۇپ قېلىشى دۇرۇس.

سەپەر ئۈستىدىكى كىشى ئوغرىدىن ئەنسىرىگەن چاغلاردا نامازنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشى جائىز.

[60] بىر دىرھەم 3.125 گىرام كۈمۈشكە تەڭ.

# ۋىتىر نامىزى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ۋىتىر مۇھىمدۇر، ۋىتىر ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن (بىزنىڭ سۈننىتىمىزنى تۇتۇپ ماڭغانلاردىن) ئەمەس»**[61].

ۋىتىر ۋاجىبتۇر.

ۋىتىر نامىزىنى ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى قەستەن ئوقۇمىغان كىشى قازاسىنى قىلىشى ۋاجىبتۇر.

ۋىتىر نامىزى بىر سالام بىلەن تاماملىنىدىغان ئۈچ رەكئەتلىك نامازدۇر.

ۋىتىر نامىزى خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

ۋىتىر نامىزىنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇشى جائىز ئەمەس.

ۋىتىر نامىزىنى ئۆزرىسىز، ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش جائىز ئەمەس.

ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇغان كىشى خۇددى باشقا نەپلە نامازلاردىكىگە ئوخشاش ھەر رەكئەتتە فاتىھە سۈرىسىنى ۋە يەنە بىر سۈرىنى ئوقۇشى ۋاجىب.

ۋىتىر نامىزىدا ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، تەشەھھۇد ئۈچۈن ئولتۇرىدۇ.

ئاۋۋالقى ئولتۇرۇشتا تەشەھھۇد ئوقۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ.

---

[61] ئەبۇ داۋۇد، 1419 - ھەدىس

ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغاندا سانا ئوقۇمايدۇ ۋە «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» دېمەيدۇ.

ئۈچىنچى رەكئەتتە (فاتىھەدىن كېيىن) بىر سۈرە ئوقۇپ بولغاندا، ئىككى قولىنى قۇلىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرىدۇ ۋە نامازنى باشلىغاندا تەكبىر ئېيتقاندەك تەكبىر ئېيتىدۇ، ئاندىن رۇكۇدىن بۇرۇن قىيامدا تۇرغان پېتى دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيدۇ.

ۋىتىر نامىزىدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇش ھەر ۋاقىت ۋاجىبتۇر.

ئىمام، ئىقتىدا قىلغۇچى ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى ھەممەيلەن دۇئايى قۇنۇتنى مەخپىي ئوقۇيدۇ.

دۇئايى قۇنۇتتا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ دۇئانى ئوقۇش سۈننەتتۇر: «**اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ، وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيْرَ، وَلَا نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ مَنْ يَفْجُرُكَ، اللَّهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ، وَلَكَ نُصَلِّي، وَنَسْجُدُ، وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ، وَنَرْجُو رَحْمَتَكَ، وَنَخْشَى عَذَابَكَ، إِنَّ عَذَابَكَ الْجِدَّ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ**»[62].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان قۇنۇت دۇئاسىنى ئوقۇيالمايدىغان كىشى «**رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ**»[63]نى ئوقۇيدۇ ياكى ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇممەغفىرلىي» دەيدۇ ياكى ئۈچ قېتىم «يا رەب!» دەيدۇ.

---

[62] مۇسەننەف ئىبنى ئەبى شەيبە، 29718 - ھەدىس.

[63] سۈرە بەقەرە، 201 - ئايەت.

نامازخان دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قىلىپ، رۇكۇغا بېرىپ بولغاندا ئېسىگە ئالغان بولسا، رۇكۇدا تۇرۇپ دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمايدۇ، (رۇكۇنى تاشلاپ) قىيامغىمۇ قايتمايدۇ، بەلكى ئۇنتۇش سەۋەبلىك بىر ۋاجىبنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، سالامدىن كېيىن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان كىشى قايتىدىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇمايدۇ، بەلكى سالامدىن كېيىن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

رۇكۇدىن تۇرغاندىن كېيىن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇغان بولسا، قايتا رۇكۇ قىلمايدۇ، لېكىن دۇئايى قۇنۇتنى ئۆز ئورنىدا ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

ئىمام جامائەت دۇئايى قۇنۇتنى تۈگەتمىگۈچە بۇرۇن رۇكۇ قىلغان بولسا، جامائەت ئىمامغا ئەگەشمەيدۇ، بەلكى دۇئايى قۇنۇتنى تولۇق ئوقۇۋېتىپ، ئاندىن رۇكۇغا ئۈلگۈرۈپ ئىمامغا ئەگىشىدۇ.

رۇكۇغا ئۈلگۈرەلمەسلىكتىن ئەنسىرىسە، قۇنۇتنى قويۇپ ئىمامغا ئەگىشىدۇ.

ئىغىر مۇسىبەتلىك كۈنلەردىن باشقا چاغلاردا ۋىتىردىن باشقا نامازلاردا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇلمايدۇ.

يالغۇز ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئەمەس، بەلكى ئىمامغا

مۇسـبەتلىك كۈنلـەردە رۇكۇدىـن بـاش كۆتۈرگەنـدىـن كېيىـن دۇئايـى قۇنـۇت ئوقـۇش سۈننەت بولـىدۇ.

ئىمـام مۇسـبەتلىك كۈنلـەردە دۇئايـى قۇنـۇت ئوقۇغانـدا تۆۋەندىكـى دۇئانـى ئوقۇشـى لايىقتـۇر: «**اللهمَّ اهدِنا بفضلك فيمَن هدَيت، وعافِنا فيمَن عافيت وتولَّنا فيمَن تولَّيت، وبارِكْ لنا فيما أعطيت، وقِنا شرَّ ما قضيت، إنك تَقضي ولا يُقضى عليكَ، إنه لا يَذِلُّ مَن والَيت، ولا يَعزُّ مَن عاديت، تباركت ربَّنا وتعالَيت وصلى الله على محمد وآله وصحبه وسلم**»[64]. ئۇنىڭدىـن باشقا سـەھىھ ھەدىسلەردە كەلگـەن بـەزى دۇئالارنـى قوشـۇپ ئوقۇسـىمۇ بولـىدۇ.

نامازغا تولـۇق ئۈلگۈرەلمىگـەن كىشـى ئىمامغا ئۈچىنچى رەكئەتنىـڭ رۇكۇسـىدا يېتىشـۋالسـا، دۇئايـى قۇنۇتقـا ئۈلگۈرگـەن بولـىدۇ، شـۇنىڭ بىلـەن ئۈلگۈرەلمىگـەن قىسـمىنى تولۇقـلاپ ئوقـۇش ئۈچـۈن تۇرغانـدا دۇئايـى قۇنـۇت ئوقۇمايـدۇ.

رامىزانـدا ۋىتىـر نامىزىنـى جامائـەت بىلـەن ئوقـۇش كېچىنىـڭ ئاخىرىـدا يالغـۇز ئوقۇغانـدىـن ئەۋزەلرەكتـۇر.

رامىزاندىـن باشـقا چاغـلاردا ۋىتىـر نامىزىنـى جامائـەت بىلـەن ئوقـۇش مەكـرۇھ.

[64] نۇرۇلئىيزاھ، 78 - بەت. رەددۇلمۇختار، 2 - توم، 62 - بەت.

## سۈننەت نامازلار

سۈننەت نامازلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن پەرز نامازلارغا قوشۇپ ئوقۇغان نامازلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ نامازلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇراتتى؛ بەزىلىرىنى بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇلار ئىچىدىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرغىنى «تەكىتلەنگەن سۈننەت»؛ بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇمىغانلىرى «تەكىتلەنمىگەن سۈننەت» ياكى «مۇستەھەب» دەپ ئاتىلىدۇ.

### تەكىتلەنگەن سۈننەتلەر

1. بامدات نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت ناماز؛

2. پېشىنىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى بىر سالام بىلەن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەتلىك ناماز؛

3. پېشىنىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز؛

4. شام نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز؛

5. خۇپتەن نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى ئىككى

رەكئەت ناماز؛

6. جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى بىر سالام بىلەن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەتلىك ناماز؛

7. جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىنكى بىر سالام بىلەن ئوقۇلىدىغان تۆت رەكئەتلىك ناماز.

## تەكىتلەنمىگەن سۈننەت نامازلار

1. ئەسىر نامىزىنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەتلىك ناماز؛

2. شامدىن كېيىنكى ئالتە رەكئەتلىك ناماز؛

3. خۇپتەننىڭ پەرزىدىن ئىلگىرىكى تۆت رەكئەتلىك ناماز؛

4. خۇپتەننىڭ پەرزىدىن كېيىنكى تۆت رەكئەتلىك ناماز.

سۈننەت نامازلارمۇ پەرز نامازلارغا ئوخشاش (تەرزدە) ئوقۇلىدۇ. بىراق، نەپلە نامازلارنىڭ ھەر رەكئىتىدە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇلىدۇ.

ئىككى رەكئەتتىن كۆپ نەپلە ناماز ئوقۇپ، پەقەت ئاخىرقى رەكئىتىدىلا تەشەھھۇدتا ئولتۇرغان بولسا، نامىزى مەكرۇھلۇق بىلەن ئادا بولىدۇ.

كۈندۈزدە تۆت رەكئەتتىن كۆپ نامازنى بىر سالام بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ.

كېچىدە سەككىز رەكئەتتىن كۆپ نامازنى بىر سالام

بىلەن ئوقۇش مەكرۇھ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا كېچە ۋە كۈندۈزدە تۆت رەكئەتلىك نامازنى بىر سالام بىلەن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا كېچە نامازلىرىنى ئىككى رەكئەتتىن، كۈندۈز نامازلىرىنى تۆت رەكئەتتىن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

قىيام ۋە قىرائەتنى ئۇزۇن قىلىش رەكئەت سانىنى كۆپ قىلىشتىن ئەۋزەل.

كېچىدە نەپلە ناماز ئوقۇش كۈندۈزدە نەپلە ناماز ئوقۇشتىن ئەۋزەل.

## مۇستەھەب نامازلار ۋە كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش

مەسچىتكە كىرگەن كىشىنىڭ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشى مۇستەھەب. بۇ ناماز «تەھىييەتۇل مەسچىت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇسىمۇ كېرەك يوق.

مەسچىتكە كىرگەن ھامان «تەھىييەتۇل مەسچىت» نامىزىنى نىيەت قىلماي، پەرز ناماز ياكى باشقا بىر ناماز ئوقۇغان بولسا، «تەھىييەتۇل مەسچىت» نامىزىنى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ.

تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئەزالاردىن سۇ قۇرۇماستا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەب. بۇ ناماز «تەھىييەتۇل ۋۇزۇئ» دەپ ئاتىلىدۇ.

چاشگاھ ۋاقتىدا تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش مۇستەھەب. خالىسا، ئون ئىككى رەكئەتكىچە ئوقۇسا بولىدۇ. بۇ ناماز «چاشگاھ نامىزى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىستىخارە نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، بۇ ناماز مۇستەھەب.

ھاجەت نامىزى ئىككى رەكئەت بولۇپ، بۇ ناماز مۇستەھەب.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسىنى ئىھيا قىلىش (ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش) مۇستەھەب.

روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش مۇستەھەب.

زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كېچىسىنى ئىھيا قىلىش مۇستەھەب.

شەئبان ئېيىنىڭ (15 ـ كېچىسىنى) ئىھيا قىلىش مۇستەھەب.

بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ، مەزكۇر كېچىلەردىن بىرىنى ئىھيا قىلىش ئۈچۈن يىغىلىش مەكرۇھ، ئەمما بىر ـ بىرىنى چاقىرىشماستىن يىغىلىشىپ قالغان بولسا كېرەك يوق.

# ناماز جەدۋىلى

| نامىز ئىسمى | ئالدىدىكى تەكىتلەنگەن سۈننەتلەر | ئالدىدىكى تەكىتلەنمىگەن سۈننەتلەر | پەرز | كەيىندىكى تەكىتلەنگەن سۈننەتلەر | ۋاجىب | مۇلاھىزىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بامدات | 2 | | 2 | | | |
| پېشىن | 4 | | 4 | 2 | | سەپەردە ئىككى رەكئەت |
| ئەسىر | | 4 | 4 | | | سەپەردە ئىككى رەكئەت |
| شام | | | 3 | 2 | | |
| خۇپتەن | | 4 | 4 | 2 | 3 رەكئەت ۋىتىر | سەپەردە ئىككى رەكئەت |
| جۈمە | 4 | | 2 | 4 | | |
| ئىككى ھېيت | | | | | 2 | ھېيت نامىزىدىن كېيىن خۇتبە ئوقۇلىدۇ |
| تەراۋىھ | | | | 20 | | رامىزاندا ۋىتىردىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ |

# ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش

پەرز نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇشى دۇرۇس بولمايدۇ.

ۋاجىب نامازنىمۇ ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

نەپلە نامازلارنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇشقا قادىر تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس.

نەپلە نامازلارنى ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇغان كىشىگە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئەجىرنىڭ يېرىمى بولىدۇ.

ئۆزرە بىلەن ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشىگە ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغان كىشى بىلەن ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ.

ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىدۇ.

نەپلە نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلىغان كىشىنىڭ داۋامىنى ئولتۇرۇپ ئوقۇشى مەكرۇھ بولمايدۇ.

# ئۇلاغ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش

پەرز نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ. ۋاجىب نامازنىمۇ شۇنداق.

ۋىتىر نامىزى، نەزىر[65] نامىزى ۋە باشلاپ بولغاندىن كېيىن بۇزۇۋەتكەن نەپلە ناماز قاتارلىقلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئوقۇش جائىز ئەمەس.

نامازخان ئۆزرىلىك بولسا، مەسىلەن، باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەندىن قورقسا، يىرتقۇچ هايۋاندىن ياكى ئۇلاغنىڭ سەركەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرىسە، ناماز ئوقۇماقچى بولغان يەر پاتقاق بولسا، مەيلى پەرز ياكى ۋاجىب ناماز بولسۇن، ئۇلىغى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇشى دۇرۇس.

ئۆزى مىنەلمەيدىغان، مىندۈرۈپ قويىدىغان ئادەممۇ تاپالمايدىغان كىشىنىڭ ئۇلىغىدىن چۈشمەيلا، ئۇلىغى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشى دۇرۇس.

تەكىتلەنگەن سۈننەت نامازلارنى ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس. بىراق، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى يەرگە چۈشۈپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى باشقا سۈننەتلەرگە قارىغاندا ئالاهىدە تەكىتلەنگەن.

---

[65] بىر مۇسۇلماننىڭ شەرىئەتتە ۋاجىب بولمىغان بىرەر ئىبادەتنى ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش مەقسىتىدە شەرتلىك ياكى شەرتسىز هالدا ئۆزىگە ئۆزى ۋاجىب قىلىشى نەزىر دېيىلىدۇ.

سەپەر جەريانىدا ئۇلاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئۇلاغ قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭغان بولسا، شۇ تەرەپكە قاراپ ئىشارەت بىلەن ئوقۇيدۇ.

## كېمىدە ناماز ئوقۇش

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا، مېڭىۋاتقان كېمىدە ئۆزرىسىز ھالدا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش دۇرۇس.

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد رەھىمەھۇماللاھنىڭ قارىشىدا، مېڭىۋاتقان كېمىدە ئۆزرىسىز ھالدا، ئولتۇرۇپ پەرز ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

كېمىدە رۇكۇ ۋە سەجدە قىلالايدىغان كىشىنىڭ ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇشى دۇرۇس بولمايدۇ.

كېمە ساھىلغا باغلانغان بولسا، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشى جائىز بولمايدۇ.

كېمىدىن چىقالمىغان كىشىنىڭ مەيلى كېمە باغلانغان بولسۇن ياكى مېڭىۋاتقان بولسۇن، كېمىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇشى جائىز.

# پويىز ياكى ئايروپىلاندا ناماز ئوقۇش

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپىگە ئاساسلانغاندا، مېڭىۋاتقان پويىز ۋە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان ئىچىدە پەرز ياكى ۋاجىب نامازلارنى ئۆزرىسىز، ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس. (ئەمما) باشقا كۆپىنچە ئىماملارنىڭ قارىشىدا، بېشى قېيىش دېگەندەك بىرەر ئۆزرىسى بولمىسا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

پويىز ئۆرە تۇرغان ئادەم يىقىلىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق ھەرىكەتلىنىدىغان بولسا، نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس.

پويىزدا سەجدە قىلغۇدەك تۈز يەر تېپىلمىسا، ئىككى ئورۇندۇق ئارىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، بىر ئورۇندۇق ئۈستىگە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇسا، دۇرۇس بولىدۇ.

پويىز مېڭىشتىن توختىغان ياكى ئايروپىلان يەرگە قونغان بولسا، ھەممە ئىماملارنىڭ قارىشىدا ئۆزرىسىز، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

نامىزنى قىبلە تەرەپكە قاراپ باشلىغاندىن كېيىن پويىز ياكى ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرگەن بولسا، بۇرۇلۇشقا قادىر بولالىسا قىبلە تەرەپكە بۇرۇلىدۇ.

ئەگەر قىبلە تەرەپكە بۇرۇلالمىسا ياكى پويىز يا ئايروپىلاننىڭ يۆنىلىشى ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلەلمىگەن بولسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

# تەراۋىھ نامىزى

تەراۋىھ نامىزى پەقەت رامىزان ئېيىدىلا ئوقۇلىدۇ.

تەراۋىھ «ئارام ئالدۇرۇش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. ساھابىلەر ھەر تۆت رەكئەتتىن كېيىن بىرئاز ئارام ئالاتتى. شۇڭلاشقا، بۇ ناماز «تەراۋىھ نامىزى» دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە «رامىزان قىيامى» (رامىزان كېچىلىرى ئوقۇلىدىغان ناماز) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان (كېچىلىرىدە) ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قىيامدا تۇرسا، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[66].

تەراۋىھ نامىزى ئەر - ئايال ھەربىر كىشىگە تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر.

مەھەللە جامائىتىنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى كىفايە سۈننەتتۇر (يەنى بەزىلەر ئادا قىلسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ).

تەراۋىھ نامىزى ئون قېتىم سالام بېرىپ ئوقۇلىدىغان، 20 رەكئەتلىك نامازدۇر.

تەراۋىھ نامىزىنى ۋىتىردىن بۇرۇن ئوقۇش مۇستەھەب.

ۋىتىر نامىزىنى تەراۋىھ نامىزىدىن بۇرۇن ئوقۇش دۇرۇس، لېكىن تەراۋىھ نامىزىنى ۋىتىردىن بۇرۇن

---

[66] سەھىيھۇلبۇخارىي، 2009 - ھەدىس.

ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

تەراۋىھ نامىزىنى كىچىنىڭ ئۆچتىن بىرىگە ھەتتا كىچىنىڭ يېرىمىغا قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مۇستەھەب. ئەمما، كېچىنىڭ يېرىمىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش مەكرۇھ.

ھەر تۆت رەكئەتتىن كېيىن تۆت رەكئەت مىقدارى ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇش مۇستەھەب.

بەشىنچى قېتىملىق ئارام بىلەن ۋىتىر ئارىلىقىدا ئولتۇرۇشمۇ مۇستەھەب.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىنى رامىزان ئېيى ئىچىدە، تەراۋىھ نامىزىدا بىر قېتىم بولسىمۇ تامام قىلىش سۈننەت.

جامائەتنىڭ ھۇزۇرلۇقى تۈپەيلى قۇرئاننىڭ ھەممىنى تولۇق خەتمە قىلماسلىق توغرا بولمايدۇ.

تەراۋىھ نامىزىدىكى ھەر تەشەھھۇدتا جامائەت ھۇزۇرلۇق قىلسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇماسلىقا، ھەمدۇسانا، رۇكۇ ۋە سەجدىدە ئوقۇلىدىغان تەسبىھلەرنى تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

ئەگەر جامائەتكە مالاللىق يېتىدىغان ئىش بولسا، دۇرۇتتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئانى ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، سۈننەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، قىسقا بولسىمۇ دۇئا قىلىش ئەۋزەل.

مەيلى يالغۇز ياكى جامائەتلىك بولسۇن، تەراۋىھ نامىزىنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ.

# يولۇچى نامىزى

ئاللاھ: ﴿سەپەرگە چىققان ۋاقتىڭلاردا كاپىرلارنىڭ زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالساڭلار، نامازنى قەسىر قىلىپ (يەنى تۆت رەكئەتنى ئىككى رەكئەت قىلىپ) ئوقۇساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ دەيدۇ[67].

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئەنەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «**بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىققان ئىدۇق. تاكى مەدىنىگە قايتقانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازلارنى ئىككى رەكئەتتىن، ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇغان ئىدى**»[68].

سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش ۋاجىب بولىدىغان، رامىزاندا روزا تۇتماسلىق رۇخسەت قىلىنىدىغان ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم يىلنىڭ ئەڭ قىسقا كۈنلىرىدە، ئوتتۇراھال يول يۈرۈش ھېسابىدا ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدۇر.

يول يۈرۈشتە پىيادە ياكى تۆگە يۈرۈشى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

---

[67] سۈرە نىسا، 101 - ئايەت.

[68] سەھىيھۇلبۇخارىي، 1081 - ھەدىس.

پويىز ۋە ئايروپىلانغا ئوخشاش تېز سۈرئەتلىك قاتناشقا ئولتۇرۇپ، ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىنى بىر سائەتتە بېسىپ بولسىمۇ، نامازنى قەسىر قىلىش[69] ۋاجىب.

يولۇچىنىڭ نامازنى قەسىر قىلىشى ۋاجىب.

سەپەردە نامازنى (قەسىر قىلماي) تولۇق ئوقۇغان كىشى سۈننەتكە ئەمەل قىلمىغان بولىدۇ.

مۇساپىر پېشىن، ئەسىر ۋە خۇپتەن نامازلىرىنىڭ (تۆت رەكئەتلىك) پەرزىنى قەسىر قىلىدۇ يەنى مۇشۇ ۋاقىتلاردا تۆت رەكئەتنىڭ ئورنىغا ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ.

بامدات ۋە شام نامازلىرىدا قەسىر قىلمايدۇ.

**سەپەر نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى**

سەپەر نىيىتىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك ئىش شەرت قىلىنىدۇ:

1. سەپەرنى نىيەت قىلغان كىشىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى يەنى نارەسىدە بالىغا نامازنى قەسىر قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ؛

2. سەپەرنى نىيەت قىلغان كىشىنىڭ سەپىرىدە مۇستەقىل بولۇشى يەنى سەپەر نىيىتى يوق كىشىگە ئەگىشىپ ماڭغان كىشىگە نامازنى قەسىر قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ؛

---

[69] سەپەردە تۆت رەكئەتلىك نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇش قەسىر دېيىلىدۇ.

ئەر سەپەرنى نىيەت قىلمىسا، ئايالىنىڭ نىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئايال ئېرىگە ئەگەشكۈچىدۇر.

خوجايىن سەپەرنى نىيەت قىلمىسا، خىزمەتكارنىڭ نىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى خىزمەتكار خوجايىنىغا ئەگەشكۈچىدۇر.

قوماندان سەپەرنى نىيەت قىلمىسا، ئەسكەرنىڭ نىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، چۈنكى ئەسكەر قوماندانغا ئەگەشكۈچىدۇر.

3. سەپەر مۇساپىسى ئاز دېگەندە، پىيادە يۈرۈشتە ئۈچ كۈندىن ئاز بولماسلىقى لازىم[70].

## قەسر قىلىش قاچان باشلىنىدۇ؟

شەھەر سىرتىغا چىقماي تۇرۇپ، شەھەرنىڭ ئىمارەتلىرى بار مۇساپىنى تۈگىتىپ بولماي تۇرۇپ ياكى شەھەرنىڭ دائىرىسىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ قەسىر قىلىش جائىز بولمايدۇ.

شەھەر ياكى يېزىسىدىن ئايرىلماي، پەقەت سەپەرنى نىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈنلا قەسىر قىلىش جائىز بولمايدۇ.

ھەج ۋە جىھادقا ئوخشاش تائەت سەپىرى بولسۇن، تىجارەتكە ئوخشاش مۇباھ ئىش ئۈچۈن قىلىنغان

---

[70] يەنى ھەرقانداق قاتناش ۋاستىسى بىلەن 85 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرسە نامازنى قەسىر قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

سەپەر بولسۇن ياكى ئۇغرىلىققا ئوخشاش گۇناھ ئۈچۈن قىلىنغان سەپەر بولسۇن، ھەرقانداق سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش جائىز.

يولۇچى تۆت رەكئەتلىك نامازنى تولۇق ئوقۇپ، ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرغان بولسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. كېيىنكى ئىككى رەكئەت نەپلىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، سالامنى كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن مەكرۇھ بولىدۇ.

يولۇچى تۆت رەكئەتلىك نامازنى تولۇق ئوقۇپ، ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتىن كېيىن تەشەھھۇد مىقدارى ئولتۇرمىغان بولسا، نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى قەسىر قىلىش بىزنىڭ مەزھىپىمىزدە رۇخسەت ئەمەس، بەلكى ۋاجىبتۇر.

## نامازنى قەسىر قىلىش مۇددىتى

يولۇچى سەپەردىن قايتىپ، ئۆز شەھىرىگە كىرگۈچە داۋاملىق نامىزىنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

يولۇچى بىر شەھەر ياكى يېزىدا 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇمايدۇ.

15 كۈندىن ئاز تۇرۇشنى نىيەت قىلسا، داۋاملىق قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

ئۇنچىلىك تۇرۇشنى نىيەت قىلماي، بىرقانچە يىل تۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ،نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ.

## يولۇچىنىڭ مۇقىم تۇرغۇچىغا، مۇقىم تۇرغۇچىنىڭ يولۇچىغا ئىقتىدا قىلىشى

يولۇچىنىڭ مۇقىمغا ئىقتىدا قىلىشى جائىز بولۇپ، نامازنى ئىمامغا ئەگىشىپ تولۇق تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ.

مۇقىمنىڭ يولۇچىغا ئىقتىدا قىلىشمۇ جائىز.

ئەگەر يولۇچى مۇقىم كىشىلەرگە (ئىمام بولۇپ) ناماز ئوقۇسا، سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: «سىلەر نامىزىڭلارنى تولۇقلاپ ئوقۇڭلار، مەن يولۇچى» دەپ قويۇشى كېرەك. بۇنى نامازغا كىرىشتىن بۇرۇن ۋە نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن دەپ قويۇش ئەڭ ياخشىدۇر.

مۇقىم ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، نامىزىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرسا، قىرائەت قىلمايدۇ، بەلكى نامىزىنى خۇددى ئىمامغا ئەگىشىپ ئوقۇغان كىشىگە ئوخشاش قىرائەت قىلماستىن تاماملايدۇ.

يولۇچى سەپەردە تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا، مەيلى سەپەر ئۈستىدە ياكى ئۆز شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن قازاسىنى قىلسۇن، ئىككى رەكئەت ئوقۇيدۇ.

ئۆز شەھىرىدە تۇرۇۋاتقان كىشى تۆت رەكئەتلىك نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا، مەيلى سەپەر ئۈستىدە ياكى ئۆز شەھىرىدە بولسۇن، قازاسىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيدۇ.

## ۋەتەننىڭ تۈرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

ئانا ۋەتەن (نىڭ سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرى يەنە بىر) ئانا ۋەتەن بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

بىر كىشى ئانا ۋەتىنىنى تاشلاپ، باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ يەرلەشكەندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئانا ۋەتىنىگە بارغان بولسا، نامىزىنى قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ئۇ يەر ھازىر ئۇنىڭ ۋەتىنى ھېسابلانمايدۇ (سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملاردا شۇنداق).

ۋاقىتلىق تۇرغان جاي (نىڭ سەپەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرى يەنە بىر) ۋاقىتلىق تۇرىدىغان جاي (نى كۆچۈش بىلەن) ئەمەلدىن قالىدۇ.

ۋاقىتلىق تۇرغان جاي (نىڭ ئەھكاملىرى) ئۇ يەردىن سەپەر قىلىش (ئايرىلىش) ياكى ئەسلىي ۋەتىنىگە قايتىش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەسلىي ۋەتەن: مەيلى شۇ جايدا ئائىلە قۇرغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، يەرلىشىپ ياشىغان ئورۇننى كۆرسىتىدۇ.

ئىقامەت ۋەتىنى (ۋاقىتلىق تۇرىدىغان جاي) 15 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ تۇرۇشنى نىيەت قىلغان جاينى كۆرسىتىدۇ.

# كېسەل نامىزى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ**﴾[71].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمران ئىبنى ھۇسەينگە مۇنداق دەيدۇ: «**نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن؛ ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالمىساڭ، ئولتۇرۇپ؛ ئولتۇرۇپمۇ ئوقۇيالمىساڭ، يان يېتىپ، ئىشارەت بىلەن ئوقۇغىن**»[72].

كېسەل ھالەتتىمۇ نامازنى تاشلاش جائىز بولمايدۇ.

نامازنىڭ ئەركانلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان كىشى كۈچى يەتكەن ئەركانلارنى ئادا قىلسا بولىدۇ.

ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالمايدىغان، قاتتىق ئاغرىق تۈپەيلىدىن ئۆرە تۇرۇش تەس كېلىدىغان كېسەللەر ئولتۇرۇپ، رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئاغرىپ قېلىشتىن، كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىدىن ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشىمۇ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ.

---

[71] سۈرە بەقەرە، 286.

[72] سەھىھۇلبۇخارىي، 1117 ـ ھەدىس.

رۇكۇ ۋە سەجدىدىن ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىدىن ئاجىز كەلگەن كىشى ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئادا قىلىدۇ.

رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئادا قىلغان كىشى سەجدە ئىشارىتىنى رۇكۇ ئىشارىتىدىن تۆۋەنرەك قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، نامىزى ئادا بولمايدۇ.

سەجدە قىلىش ئۈچۈن پېشانىسىگە بىرەر نەرسىنى كۆتۈرۈشى جائىز بولمايدۇ.

كېسەل ئولتۇرالمايدىغان دەرىجىدە بولسا، ئىككى پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، تىزىنى تىكلەپ، ئوڭدىسىغا يېتىپ ناماز ئوقۇيدۇ، يۈزى قىبلە تەرەپكە قارىشى ئۈچۈن بېشىغا ياستۇق قويىدۇ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت بىلەن ئادا قىلىدۇ.

ئولتۇرۇشتىنمۇ ئاجىز كەلسە، يېنى يېتىپ، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇشى جائىز بولىدۇ.

باشنىڭ ئىشارىتى رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ئەمما كۆز، قاش ۋە كۆڭۈلدە ئىشارەت قىلغان بولسا، نامىزى ئادا بولمايدۇ.

كېسەل كىشى نامازنى بېشىدا ئىشارەت قىلىپمۇ ئوقۇيالمىسا، بىر كېچە - كۈندۈزلۈك نامازنى كېچىكتۈرۈپ، بېشىدا ئىشارەت قىلالايدىغان ھالغا كەلگەندىن كېيىن قازاسىنى قىلىۋالسا بولىدۇ. بىر كېچە - كۈندۈزدىن ئېشىپ كەتكەن ناماز (ئۇنداق

كېسەلدىن) ساقىت بولىدۇ.

مەجنۇنلۇق ۋە بىھوشلۇق يۈز بېرىپ، بۇ ئەھۋال بەش ۋاقىت نامازدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقان كىشىدىن (بۇ جەريانىدا ئوقۇيالمىغان) نامازلىرى ساقىت بولىدۇ.

ئەمما بەش ۋاقىت ناماز ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق نامازغىچە داۋاملاشقان كىشى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

نامازنى ئۆرە تۇرۇپ باشلىغاندىن كېيىن ئۆرە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان كىشى ئولتۇرالىسا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ؛ ئەگەر ئولتۇرۇشقا قادىر بولالمىسا، ئوڭدىسىغا يېتىپ، ئىشارەت بىلەن ناماز ئوقۇيدۇ.

## ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نامازلارنىڭ قازاسى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شۈبھىسىزكى، ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى**﴾[73].

نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش ۋاجىبتۇر.

نامازنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈش جائىز ئەمەس.

نامازنى مەلۇم ئۆزرە سەۋەبلىك ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ

[73] سۈرە نىسا، 103 - ئايەت.

ئوقۇغان كىشىگە ئۆزرىسى توگىگەندىن كېيىن قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

سۈننەت ۋە نەپلە نامازلارنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ، ئەمما باشلاپ بولغاندىن كېيىن بۇزۇۋەتسە، قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنى پەرزى بىلەن بىللە، ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسا، قۇياش قايرىلغۇچە پەرزى بىلەن بىرگە قازاسىنى قىلىدۇ. ئەمما، بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتىنىلا ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان بولسا، قازاسىنى قىلمايدۇ.

# پەرز نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش

يالغۇز كىشى پەرز نامازنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، تېخى بىرىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارمىغان بولسا، بىر سالام بىلەن نامازدىن چىقىپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ.

بىراۋ تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنى باشلاپ، بىرىنچى رەكئىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، يەنە بىر رەكئەتنى قوشۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئىمامغا پەرز نىيىتى بىلەن ئىقتىدا قىلىدۇ. يالغۇز ئوقۇغان ئىككى رەكئەت ناماز نەپلە ھېسابلىنىدۇ.

تۆت رەكئەتلىك نامازدىن ئۈچ رەكئەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، تۆت رەكئەتنى تولۇق ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پېشىن ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا نەپلە نىيىتى بىلەن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ، (ئەمما) ئەسىر نامىزىدا نەپلە نىيىتى بىلەن ئىقتىدا قىلمايدۇ.

تۆت رەكئەتلىك نامازدىن ئىككى رەكئەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۈچىنچى رەكئەتكە تۇرغان بولسىمۇ، تېخى سەجدىگە بارمىغان بولسا، ئۆرە تۇرۇپ بىر سالام بىلەن نامازدىن چىقىپ، ئىمامغا پەرز نىيىتى بىلەن ئىقتىدا قىلىدۇ.

جۈمە كۈنى جۈمەنىڭ سۈننىتىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن ئىمام خۇتبىگە چىقسا، ئىككى رەكئەت نامازنى تولۇق ئوقۇپ سالام بېرىدۇ (ئاندىن خۇتبىنى تىڭشاپ ئولتۇرىدۇ). جۈمەنىڭ ئىككى رەكئەت پەرزنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالدىدىكى تۆت رەكئەت سۈننەتنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

پېشىننىڭ سۈننىتىنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن، جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلسا، ئىككى رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ ۋە پەرز نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ.

جامائەت نامىزىغا تەكبىر ئوقۇلغاندىن كېيىن مەسچىتكە كىرگەن كىشى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ، سۈننەت ناماز بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ. بامدات نامىزىنىڭ سۈننىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

بىراۋ بامداتتا جامائەت نامىزى ئۈچۈن تەكبىر ئوقۇلغاندىن كېيىن مەسچىتكە كىرگەن بولسا ۋە ئىككىنچى رەكئەتتە بولسىمۇ ئىمامغا يېتىشىۋېلىشقا كۆزى يەتسە، ئالدى بىلەن سۈننەتنى مەسچىت سىرتىدا ياكى مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئوقۇۋالىدۇ.

ئەمما پەرز نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىشىدىن ياكى جامائەتكە ئۈلگۈرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىسە، (ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ) پەرزنى ئوقۇيدۇ، سۈننەت بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ.

ئىمامنىـــى رۇكـــۇ ھالىتىـــدە تاپقـــان كىشـــى شـــۇ بىـــر رەكئەتنـــى تاپقـــان بولىـــدۇ. ئىقتىـــدا قىلغۇچـــى رۇكـــۇ قىلىـــپ بولغۇچـــە ئىمـــام رۇكۇدىـــن بېشـــىنى كۆتۈرگـــەن بولســـا، شـــۇ بىـــر رەكئەتكـــە ئۈلگۈرەلمىگـــەن بولىـــدۇ.

ئـــەزان ئوقۇلـــۇپ بولغانىدىـــن كېيىـــن، نامـــاز ئوقۇمـــاي تـــۇرۇپ مەســـچىتتىن چىقىـــپ كېتىـــش مەكرۇھتـــۇر.

باشـــقا بىـــر مەســـچىتتە ئىمامىلىـــق ياكـــى مۇئەززىنلىـــك قىلىدىغـــان ئـــادەم ئۈچـــۈن ئـــەزان ئوقۇلـــۇپ بولغانىدىـــن كېيىـــن مەســـچىتتىن چىقىـــپ كېتىـــش مەكـــرۇھ بولمايـــدۇ.

يالغـــۇز نامـــاز ئوقـــۇپ بولغانىدىـــن كېيىـــن، پېشـــىن ياكـــى خۇپتەنـــدە جامائـــەت نامـــىزى ئۈچـــۈن تەكبىـــر ئوقۇلســـا، مەســـچىتتىن چىقىـــپ كېتىـــش مەكـــرۇھ بولىـــدۇ، ئۇنـــداق كىشـــىنىڭ نەپلـــە نىيىتـــى بىلـــەن ئىمامغـــا ئەگىشـــىپ، نامازنـــى قايتـــا ئوقۇشـــى ئەۋزەلـــدۇر.

بامـــدات، ئەســـىر ۋە شـــام نامازلىرىـــدا يالغـــۇز نامـــاز ئوقـــۇپ بولغانىدىـــن كېيىـــن جامائـــەت نامـــىزى ئۈچـــۈن تەكبىـــر ئوقۇلســـا، مەســـچىتتىن چىقىـــپ كېتىـــش مەكـــرۇھ بولمايـــدۇ.

# ناماز ۋە روزىنىڭ فىدىيەسى

كېسەل كىشى ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلالايدىغان تۇرۇپ، قازاسىنى قىلماي ئۆلۈمگە يېقىنلاشقان بولسا، ۋەلىيسىگە مەزكۇر نامازلارنىڭ فىدىيەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

كېسەل كىشى تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلالايدىغان تۇرۇپ، قازاسىنى قىلماستىن ئۆلۈمگە يېقىنلاشقان بولسا، ۋەلىيسىگە بۇ روزىلارنىڭ فىدىيەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

كېسەل كىشى ئوقۇيالمىغان ۋىتىر نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلالايدىغان تۇرۇپ، قازاسىنى قىلماستىن ئۆلۈمگە يېقىنلاشقان بولسا، ۋەلىيسىگە بۇ نامازلارنىڭ فىدىيەسىنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ۋەلىي فىدىيەنى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن چىقىرىدۇ.

بىر ۋاقىت نامازنىڭ فىدىيەسى يېرىم سا[74] بۇغداي يا ئۇنىڭ قىممىتى (نەق پۇل)؛ بىر سا ئارپا يا ئۇنىڭ قىممىتى (نەق پۇل) دۇر.

بىر ۋاقىت روزىنىڭ پىدىيەسى يېرىم سا بۇغداي يا

[74] بىر سا 3،25 كىلوگىرامغا تەڭ.

ئۈنىڭ قىممىتى (نەق پۇل) ؛ بىر سا ئارپا يا ئۈنىڭ قىممىتى (نەق پۇل) دۇر.

ۋەلىيىنىڭ ھەممە نامازلارنىڭ فىديەسىنى ۋە ھەممە روزىنىڭ فىديەسىنى بىراقلا بىر پېقىرغا بېرىۋېتىشىمۇ جائىزدۇر. لېكىن، قەسەم كەففارىتىنىڭ پىديەسىنى بىر كۈن ئىچىدە بىر پېقىرغا يېرىم سا بۇغدايدىن كۆپ بېرىشى جائىز بولمايدۇ.

مېيىت ۋەلىيسگە پىديەسىنى ئادا قىلىشقا ۋەسىيەت قىلمىغان، لېكىن ۋەلىيسى خالىسانە ئادا قىلىپ قويغان بولسا، فىديەنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.

مېيىت تۇتالمىغان روزىلارنىڭ ئورنىغا ۋەلىيىنىڭ روزا تۇتۇپ قويۇشى دۇرۇس بولمايدۇ.

كېسەل كىشى ئىشارەت بىلەن بولسىمۇ ناماز ئوقۇيالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئوقۇيالمىغان نامازلىرى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، فىديەسىنى بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولمايدۇ.

كېسەل كىشى ئاخىرقى كېسىلىدە تۇتالمىغان روزىلىرىنىڭ قازاسىنى قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مەيلى تۇتالمىغان روزىلىرى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، فىديەسىنى بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولمايدۇ.

يولۇچى مۇقىمغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا (تۇتالمىغان) روزىلىرىنىڭ فىديەسىنى بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىشى ۋاجىب بولمايدۇ.

# سەۋەنلىك سەجدىسى

سەۋەنلىك- «ئۇنتۇپ قېلىش، غەپلەتتە قېلىش» دېگەندەك مەنىلەردە بولۇپ، بۇ يەردە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ مەيلى قەستەن ياكى ئۇنتۇپ قېلىپ بولسۇن، نامىزىدا سادىر قىلغان نۇقسانلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سەۋەنلىك سەجدىسى (بۇ سەجدىنىڭ ئورنى نامازنىڭ ئاخىرىدۇر) بۇ نۇقساننى تولۇقلايدۇ.

## سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

سەۋەنلىك سەجدىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ دەلىلى ئىمام بۇخاري ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرگە پېشىن نامىزىنى ياكى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ (ئاخىردا) سالام قىلدى. شۇ ھامان زۇلىيەدەيىن ئىسىملىك بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نامازنى كەم ئوقۇپ قويدىلىمۇ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (جامائەتتىن):

- «بۇنىڭ دېگىنى توغرىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، كۆپچىلىك:

- شۇنداق، - دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئىككى رەكئەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى قېتىم سەجدە قىلدى»[75].

«سەھىھەين» ئابدۇللاھ ئىبنى بۇھەينەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مەلۇم بىر نامازدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى». يەنە بىر رىۋايەتتە، پېشىنىنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، تەشەھھۇدقا ئولتۇرمىدى. جامائەتمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ناماز ئاخىرلاشقاندا بىز ئۇنىڭ سالام بېرىشىنى كۈتتۇق، ئەمما ئۇ سالام بەرمەي تۇرۇپ تەكبىر ئوقۇدى ۋە ئولتۇرغان ھالىتىدىلا ئىككى قېتىم سەجدە قىلدى، ئاندىن سالام بەردى»[76].

ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرىڭلار ئىككىنچى رەكئەتتە (ئولتۇرماي) ئورنىدىن تۇرغان (بولسىمۇ تېخى) تولۇق ئۆرە تۇرۇپ بولالمىغان بولسا، ئولتۇرۇۋالسۇن؛ ئەگەر تولۇق ئۆرە تۇرۇپ بولغان بولسا، ئولتۇرمىسۇن ۋە ئىككى قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىۋەتسۇن»[77].

---

[75] سەھىيھۇلبۇخارىي، 1169 - ھەدىس.

[76] سەھىيھۇلبۇخارىي، 1166 - ھەدىس.

[77] ئەبۇ داۋۇد، 1036 - ھەدىس.

**سەۋەنلىك سەجدىسى ھەققىدە ئەھكاملار**

نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرەرسىنى تەرك ئەتسە، نامىزى ئىناۋەتسىز ۋە نامازنى قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

پەرزنى مەيلى قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن تەرك ئەتسۇن، سەۋەنلىك سەجدىسى ياكى باشقا بىرەر ئىش بىلەن نامازنىڭ نۇقسانى تولۇقلانمايدۇ.

نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بىرىنى قەستەن تەرك ئەتسە، گۇناھكار بولىدۇ ھەم نامىزى بۇزۇلۇپ، قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ؛ نامازغا يەتكەن نۇقسانلىق سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن تولۇقلانمايدۇ.

نامازنىڭ ۋاجىبلىرىدىن بىرىنى سەۋەنلىك بىلەن تەرك ئەتكەن كىشىگە سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، نامازنىڭ نۇقسانلىقى سەۋەنلىك سەجدىسى بىلەن تولۇقلىنىدۇ.

**سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىشنىڭ ۋاجىب بولۇش سەۋەبلىرى**

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىدە سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ:

1. پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتە ياكى ئىككى رەكئەتنىڭ بىرىدە سەۋەنلىكتىن فاتىھەنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

2. نەپلە ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ قايسىبىر رەكئەتتە

سەۋەنلىكتىن فاتىھەنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

3. پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، كېيىنكى ئىككى رەكئىتىدە قىرائەت قىلغان بولسا؛

4. پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئىتىدە ياكى ئىككى رەكئەتنىڭ بىرىدە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا؛

5. نەپلە ۋە ۋىتىر نامازلىرىنىڭ قايسىبىر رەكئىتىدە فاتىھەگە بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا؛

6. فاتىھەنى ئىككى قېتىم ئوقۇغان بولسا، چۈنكى بۇ چاغدا سۈرىنى ئۆز ئورنىدىن كېچىكتۈرگەن بولىدۇ؛

7. بىر قېتىم سەجدە قىلىپ، كېيىنكى رەكئەتكە تۇرۇپ كەتكەن ۋە شۇ رەكئەتنى ئىككى سەجدە بىلەن ئادا قىلىپ، سەۋەنلىكتىن تەرك ئەتكەن بىر سەجدىنى قوشۇپ قىلغان بولسا، نامىزى ئادا بولىدۇ، لېكىن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىشى ۋاجىب؛

8. ئۈچ رەكئەتلىك ياكى تۆت رەكئەتلىك پەرز ياكى نەپلە نامازلاردا سەۋەنلىكتىن ئاۋۋالقى ئولتۇرۇشنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

9. پەرز نامازدا ئاۋۋالقى ئولتۇرۇشنى سەۋەنلىكتىن تەرك ئېتىپ، ئۈچىنچى رەكئەتكە تولۇق ئورنىدىن تۇرۇپ بولغان بولسا، نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپ،

ئاخىرىدا سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ۋاجىبنى تەرك ئەتكەن بولىدۇ.

10. سەۋەنلىك بىلەن تەشەھھۇد ئوقۇشنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

11. ۋىتىردا دۇئايى قۇنۇت تەكبىرىنى تەرك ئەتسە؛

12. ۋىتىردا رۇكۇدىن بۇرۇن دۇئايى قۇنۇت ئوقۇشنى تەرك ئەتكەن بولسا؛

13. قىرائەت ئۈنسىز قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام ئۈنلۈك قىرائەت قىلسا؛

14. ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ئىمام ئۈنسىز قىرائەت قىلسا؛

15. ئاۋۋالقى ئولتۇرۇشتا تەشەھھۇدتىن زىيادە بىرەر نەرسە ئوقۇپ سالسا؛ مەسىلەن، ئۇنتۇپ قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇغان بولسا ياكى ئەركانلاردىن بىرىنى ئادا قىلىپ بولغۇچىلىك مۇددەتتە سۈكۈت قىلىپ تۇرغان بولسا.

**سەۋەنلىك سەجدىسگە ئالاقىدار تارماق ھۆكۈملەر**

ئىمامنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن ھەم ئىمامغا، ھەم جامائەتكە سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان جامائەت سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

جامائەت ئىمام سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، چالا قالغان نامىزنى تولۇقلاپ ئوقۇۋاتقاندا سەۋەنلىك ئۆتكۈزسە، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئىمامغا سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىب بولۇپ، سەجدە قىلسا، جامائەتنىڭمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىشى ۋاجىب.

سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولغان كىشى قەستەن سەجدە قىلمىسا، گۇناھكار بولىدۇ ھەم نامىزنى قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

سەۋەنلىكتىن بىردىن كۆپ ۋاجىبنى تەرك ئەتكەن كىشى بىر قېتىم سەۋەنلىك سەجدىسى (ئىككى سەجدە) قىلسا كۇپايە.

پەرز نامازدا سەۋەنلىكتىن ئاۋۋالقى ئولتۇرۇشنى تەرك ئەتكەن كىشى تولۇق رۇسلىنىپ بولمىغان بولسىلا، ئولتۇرۇۋالىدۇ؛ ئەگەر ئۆرە تۇرۇشقا يېقىنراق ھالەتكە بېرىپ بولغان بولسا، ئولتۇرۇۋالماي، نامازنىڭ ئاخىرىدا سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ؛ ناۋادا ئولتۇرۇشقا يېقىنراق ھالەتتە بولسا، (تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندىن كېيىن نامىزنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە) سەۋەنلىك سەجدىسى قىلمايدۇ.

نەپلە نامازلاردا ئاۋۋالقى ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئۆرە تۇرۇپ بولغان بولسىمۇ ئولتۇرۇۋالىدۇ ھەم سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

ئاخىرقى ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ ئۆرە تۇرۇپ كەتكەن كىشى بەشىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بارمىغانلا بولسا، ئولتۇرۇۋېلىپ، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

پەرز نامازدا ئاخىرقى ئولتۇرۇشنى ئۇنتۇپ ئۆرە تۇرغان ۋە بەشىنچى رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بېرىپ بولغان كىشىنىڭ نامىزى نەپلىگە ئايلىنىدۇ ۋە پېشىن، ئەسىر، خۇپتەن نامازلىرىدا ئالتىنچى رەكئەتنى؛ بامدات نامىزىدا تۆتىنچى رەكئەتنى قوشۇپ ئوقۇيدۇ، ئاندىن سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ ۋە پەرز نامىزىنى قايتا ئوقۇيدۇ.

ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ تەشەھھۇد ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاۋۋالقى ئولتۇرۇش دەپ ئويلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن كىشى دەرھال ئولتۇرۇۋېلىپ، سالام بېرىدۇ، تەشەھھۇدنى قايتا ئوقۇمايدۇ.

سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىب بولغان تۇرۇپ، نامازدىن چىقىش ئۈچۈن قەستەن سالام بەرگەن كىشى قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراش، گەپ قىلىش دېگەندەك نامازغا زىت بىرەر ئىش - ھەرىكەت قىلمىغانلا بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

تۆت رەكئەتلىك نامازنى تولۇق ئوقۇپ بولدۇم دەپ ئويلاپ سالام بەرگەندىن كېيىن، (ئەمەلىيەتتە) ئىككى رەكئەت ئوقۇغانلىقىنى بىلگەن كىشى نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇيدۇ ۋە سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

### سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ئۇسۇلى

سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولغان كىشى ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا ئولتۇرۇپ تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوڭ تەرىپىگە بىر قېتىم سالام بېرىدۇ، ئاندىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازدىكى باشقا سەجدىلەرگە ئوخشاش ئىككى قېتىم سەجدە قىلىپ، يەنە ئولتۇرىدۇ ۋە ۋاجىب دېگەن نىيەت بىلەن تەشەھھۇد ئوقۇيدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن نامازدىن چىقىش نىيىتى بىلەن سالام بېرىدۇ. ئەگەر سالامدىن بۇرۇن سەجدە قىلغان بولسا، نامىزى دۇرۇس، ئەمما مەكرۇھ تەنزىيھي بولىدۇ.

### سەۋەنلىك سەجدىسى قاچان كەچۈرۈم قىلىنىدۇ؟

1. جۈمە نامىزىدا جامائەت بەك كۆپ بولسا، نامازخانلارنىڭ ئېلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سەۋەنلىك سەجدىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

2. ئىككى ھېيت نامىزىدا جامائەت بەك كۆپ بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

3. بامدات نامىزىدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن كۈن چىقىپ قالغان بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

4. ئەسىر نامىزىدا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن كۈن قىزىرىپ قالغان بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسى

كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

5. سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن سەۋەنلىكتىن گەپ قىلىشقا ئوخشاش نامازغا زىت كېلىدىغان بىرەر ئىش يۈز بەرگەن بولسا، سەۋەنلىك سەجدىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. مەزكۇر ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە نامازنى قايتا ئوقۇش ۋاجىب بولمايدۇ.

## نامازنى شەك بىلەن قاچان ئىناۋەتسىز بولىدۇ، قاچان ئىناۋەتسىز بولمايدۇ؟

نامازخان ناماز ئوقۇش ئەسناسىدا رەكئەت سانىدىن شۈبھىلەنگەن ھەم بۇ ئىش تۇنجى قېتىم يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ نامىزى ئىناۋەتسىز بولۇپ، قايتا ئوقۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، نامىزىنىڭ رەكئەت سانىدا شەك قىلغان كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ.

سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، نامازنىڭ بەزى رەكئەتلىرىنى تەرك ئەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن كىشى نامازغا زىت بىرەر ئىش - ھەرىكەت قىلمىغانلا بولسا، تەرك ئەتكەن نامىزىنى تولۇقلايدۇ؛ ئەگەر گەپ قىلغانغا ئوخشىغان نامازغا زىت بىرەر ئىش - ھەرىكەت قىلىپ قويغان بولسا، نامىزىنى قايتا ئوقۇيدۇ.

كۆپ ۋاقىتلاردا دىلغۇل بولۇپ قالىدىغان ۋە دىلغۇللۇق ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان كىشى كاللىسىدىكى كۆچلۈك گۇمانغا تايىنىپ ئىش كۆرسە بولىدۇ؛ ئەگەر كاللىسىدا

كۈچلۈك گۇمان بولمىسا، ئەڭ ئاز رەكئەت سانىنى ئاساس قىلىدۇ؛ نامىزىنىڭ ئاخىرى دەپ قارىغان رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرۇپ، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىدۇ.

# تىلاۋەت سەجدىسى

قۇرئان كەرىمدە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان، باشقىلارنىڭ سەجدە قىلغانلىقى بايان قىلىنغان، قانداقتۇر بىرەر كائىناتنىڭ سەجدىسى تەسۋىرلەنگەن ياكى كاپىرلار سەجدە قىلمىغانلىقىغا ئاساسەن ئەيىبلەنگەن ئايەتلەردىن بىرىنى تىلاۋەت قىلغان ياكى تىڭشىغان كىشىگە تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولىدۇ.

تىلاۋەت قىلغۇچى ۋە تىڭشىغۇچى ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى، ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى ياكى ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىدىن ئەيمىنىپ سەجدە قىلغانلار قاتارىغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ سەجدە قىلىدۇ.

## تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ دەلىلى

ئىمام بۇخارىي ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر. ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان سۈرىنى ئوقۇپ بېرەتتى ۋە سەجدە قىلاتتى، بىزمۇ سەجدە قىلاتتۇق ھەتتا (بەزىدە ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن) بەزىلىرىمىز پېشانىسىنى قويغۇدەك يەرمۇ تاپالمايتتى»**[78].

[78] سەھىيھۇلبۇخارىي، 1025 - ھەدىس.

ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرەتتى، سەجدە ئايىتىدىن ئۆتكەندە تەكبىر ئېيتىپ سەجدە قىلاتتى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەجدە قىلاتتۇق»**[79].

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **«ئادەم ئوغلى سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ سەجدە قىلسا، شەيتان بىر بۇلۇڭغا بېرىپ يىغلايدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: ھەي ئىست! ئادەم ئوغلى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇۋىدى، سەجدە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلىدىغان بولدى. ئەمما، مەن سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، باش تارتقان ئىدىم، شۇڭا مەن دوزاخقا كىرىدىغان بولدۇم»**[80].

**تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئەھكاملىرى**

تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشتىن بىرى يۈز بەرگەندە تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ:

1. مەيلى ئۆزى تىڭشىسۇن ياكى تىڭشىمىسۇن، سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان بولسا؛

2. سەجدە ئايىتىنىڭ ئالدىدىن ياكى كەينىدىن

---

[79] ئەبۇ داۋۇد، 1413 - ھەدىس.

[80] سەھىھ مۇسلىم، 81 - ھەدىس.

بىر كەلىمە بىلەن قوشۇپ سەجدە ھەرپىنى تىلاۋەت قىلغان بولسا؛

3. مەيلى قەستەن ياكى ئىختىيارسىز بولسۇن، سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىغان بولسا؛

4. سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىسۇن ياكى ئاڭلىمىسۇن، سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بولسا.

ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايالغا تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ تىلاۋىتىدىن ئىقتىدا قىلغۇچىغىمۇ، ئىمامغىمۇ تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

ئۇخلاۋاتقان كىشىگە، ساراڭغا، نارەسىدە بالىغا ۋە كاپىرغا تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

شاتۇتى قاتارلىق ئادەم ئەۋلادىدىن باشقا نەرسىدىن سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىسا، تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ دېگەندەك ئۈسكۈنىلەردىن سەجدە ئايىتىنى ئاڭلىسا، تىلاۋەت سەجدىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ۋاقتى بەزىدە كەڭ، بەزىدە تار بولىدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسى نامازنىڭ سىرتىدا ۋاجىب

بولغان بولسا، ۋاقتى كەڭ بولىدۇ يەنى سەجدىنى كېچىكتۈرسە، گۇناھكار بولمايدۇ، لېكىن مەكرۇھ تەنزىيھى بولىدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسى نامازنىڭ ئىچىدە ۋاجىب بولغان بولسا، ۋاقتى تار بولىدۇ. مەسىلەن، نامازدا سەجدە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان بولسا، شۇ ھامان تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسى بىلەن سەجدە ئايىتىنى ئوقۇش ئارىسىدا ئۈچ ئايەت قىرائەت قىلغاندىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بۇنچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە، دەرھال سەجدە قىلىش پۇرسىتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

سەجدە ئايىتى ئۈچۈن سەجدە قىلماستىن، دەرھال ناماز ئۈچۈن سەجدە قىلغان بولسىمۇ، تىلاۋەت سەجدىسى ئادا تاپىدۇ. ناماز ئۈچۈن قىلغان سەجدە بىلەن تىلاۋەت سەجدىسىنى نىيەت قىلسۇن - قىلمىسۇن ئوخشاش.

دەرھال سەجدە قىلىۋالماي، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن بولسا، تىلاۋەت سەجدىسى رۇكۇ ۋە سەجدە بىلەنمۇ ساقىت بولمايدۇ. ناماز ئىچىدىلا بولسا، مەخسۇس سەجدە قىلىپ تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم.

ئەگەر نامازدىن چىقىپ بولغان بولسا، تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ

ۋاقتى كەتكەن بولىدۇ. ئەمما، نامازدىن سالام بىلەن چىققان بولسا، نامازغا زىت بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت قىلىپ قويمىغانلا بولسا، شۇ ھامان قازاسىنى قىلىدۇ.

## تىلاۋەت سەجدىسىگە ئالاقىدار تارماق ئەھكاملار

ئىمام ۋە جامائەت سەجدە ئايىتىنى نامازدا بىللە بولمىغان بىرەر كىشىدىن تىڭشىغان بولسا، نامازنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن سەجدە قىلىدۇ. ئەگەر ناماز ئىچىدە سەجدە قىلغان بولسا، سەجدە ئادا بولمايدۇ، لېكىن بۇ سەجدە بىلەن ئۇلارنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ.

ئىمامدىن سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغاندىن كېيىن ئىمام تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىپ بولغۇچە ئىقتىدا قىلغان كىشى ئىمامغا ئەگىشىپ تىلاۋەت سەجدىسى قىلىدۇ.

ئىمامدىن سەجدە ئايىتىنى تىڭشىغان، لېكىن ئىمام شۇ رەكئەتنىڭ سەجدىسىگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئىقتىدا قىلغان كىشى تىلاۋەت سەجدىسىنى تاپقان بولىدۇ، نامازنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تىلاۋەت سەجدىسى قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

نامازنىڭ سىرتىدا سەجدە ئايىتىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلمىغان، ئاندىن نامازنىڭ ئىچىدە ئۇنى قايتا تىلاۋەت قىلىپ، سەجدە قىلغان كىشى ئۇچۇن ئورۇن ئالماشمىغان بولسىلا، بۇ سەجدە ھەر ئىككى سەجدىگە (ناماز سەجدىسى ۋە تىلاۋەت سەجدىسى) كۇپايە قىلىدۇ.

بىر ئورۇنـدا سـەجدە ئايىتىنى تەكـرار تىـلاۋەت قىلغان كىشى بىر قېتىم سـەجدە قىلسا كۇپايە.

بىـر ئورۇنـدا سـەجدە ئايىتىنـى تىـلاۋەت قىلىـپ، ئـۇ ئورۇنـدىن يۆتكىلىـپ يەنـە سـەجدە ئايىتىنى قايتـا تىـلاۋەت قىلغـان كىشـىگە ئىككـى قېتىـم سـەجدە قىلىش ۋاجىـب بولىـدۇ.

سـەجدە ئايىتىنـى تىـلاۋەت قىلغـان ئورۇنـدىن يۆتكىلىـش ئـورۇن ئالماشـتۇرغانلىق بولىـدۇ.

ئـۆي كىچىـك ياكـى چـوڭ بولسـۇن، ھەممـە بۇلۇڭـى بىـر ئورۇننىـڭ ھۆكمىـدە بولىـدۇ.

مەسـچىت كىچىـك ياكـى چـوڭ بولسـۇن، ھەممـە بۇلۇڭـى بىـر ئورۇننىـڭ ھۆكمىـدە بولىـدۇ.

تىـلاۋەت ئايىتىنـى ئوقۇغۇچىنىـڭ ئورنـى ئالماشـسۇن ياكـى ئالماشمىسـۇن، تىڭشـىغۇچىنىڭ ئورنـى ئالماشـقانلا بولسـا، تىـلاۋەت سەجدىسـىنىڭ ۋاجىبلىقىمـۇ شـۇنىڭغا قـاراپ تەكرارلىنىـپ تۇرىـدۇ.

تىـلاۋەت سەجدىسـى بـار سـۈرىنى ئوقـۇپ، سـەجدە ئايىتىنـى تاشـلاپ قويـۇش مەكـرۇھ.

تىڭشـىغۇچىنىڭ سـەجدە قىلىشـقا تەييارلىقى بولمىغان ئەھـۋال ئاسـتىدا تىـلاۋەت قىلغۇچىنىـڭ سـەجدە ئايىتىنـى مەخپىـي ئوقۇشـى مۇسـتەھەب.

**تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئۇسۇلى**

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: ئىككى تەكبىر بىلەن بىر سەجدە قىلىنىدۇ. بىرىنچى تەكبىر سەجدە قىلىش ئۈچۈن پېشانىسىنى يەرگە قويىدىغان چاغدا، ئىككىنچى تەكبىر پېشانىسىنى سەجدىدىن كۆتۈرگەندە. تەكبىر ئوقۇغاندا قولىنى كۆتۈرمەيدۇ، تەشەھھۇد ئوقۇمايدۇ، سەجدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن سالام بەرمەيدۇ.

تىلاۋەت سەجدىسىدە بىر پەرز بار. ئۇ بولسىمۇ پېشانىسىنى يەرگە قويۇش ياكى كېسەل ئادەم بولسا، سەجدىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇدەك ئېگىلىش ياكى ئىشارەت قىلىشتۇر.

ئىككى قېتىم تەكبىر ئوقۇش سۈننەت.

تىلاۋەت سەجدىسىنى ئولتۇرغان ئورنىدىن ئۆرە تۇرغاندىن كېيىن قىلىش مۇستەھەب.

تىلاۋەت سەجدىسىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى نامازنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرىنىڭ ئۆزىدۇر. بىراق، نامازدا تەھرىم باغلاش شەرت، تىلاۋەت سەجدىسىدە شەرت ئەمەس.

**سەجدە ئايەتلىرى**

قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكى 14 ئورۇندا تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ۋاجىب:

1. ئەئراف سۈرىسى؛

2. رەئد سۈرىسى؛

3. نەھل سۈرىسى؛

4. ئىسرا سۈرىسى؛

5. مەريەم سۈرىسى؛

6. ھەج سۈرىسى؛

7. فۇرقان سۈرىسى؛

8. نەمل سۈرىسى؛

9. سەجدە سۈرىسى؛

10. ساد سۈرىسى؛

11. ھامىم سەجدە سۈرىسى؛

12. نەجم سۈرىسى؛

13. ئىنشىقاق سۈرىسى؛

14. ئەلەق سۈرىسى.

# جۈمە نامىزى

جۈمە نامىزى ئاللاھ بۇ ئۈممەتكە مەخسۇس ئاتا قىلغان پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بىرى بولۇپ، مۇئمىنلەر مۇشۇ كۈننىڭ خىسلەتلىرىگە مۇيەسسەر بولغانلاردۇر.

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: **«بىز (دۇنياغا) ئەڭ ئاخىرقىدا كېلىپ، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئالدىدا تۇرغۇچىلارمىز. ئۇلارغا (ئەھلى كىتابلارغا) كىتاب بىزدىن ئىلگىرى بېرىلگەن. جۈمە كۈنى ئۇلارنىڭ جۈمە نامىزى ئوقۇشى پەرز قىلىنغان. بىراق، ئۇلار شۇ كۈننىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلاش توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىۋىدى، ئاللاھ بىزنى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر قىلدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇ كۈننى ئۇلۇغلاشتا بىزگە ئەگىشىدۇ. يەھۇدىيلار ئەتىنى (شەنبىنى)، ناسارالار ئۆگۈن (يەكشەنبە) نى ئۇلۇغلايدۇ»**[81].

### جۈمە نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

جۈمە نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە پەرز بولۇشىنىڭ دەلىلى قۇرئان ۋە ھەدىستۇر. قۇرئان كەرىمدىكى دەلىلى

---

[81] سەھىيھۇلبۇخارىي، 836 - ھەدىس.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا ئەزان ئېيتىلسا، ئاللاھنى ياد ئېتىشكە (يەنى جۈمە خۇتبىسىنى ئاڭلاشقا ۋە جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىشقا) ئالدىراپ بېرىڭلار، ئېلىم - سېتىمنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر**﴾[82].

ھەدىستىكى دەلىلى ئىمام ئەبۇ داۋۇد تارىم ئىبنى شىھابتىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**جۈمە نامىزى ھەر مۇسۇلمانغا ھەقتۇر (پەرزدۇر)**»[83].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**كىمكى تاھارىتىنى كامىل ئېلىپ، جۈمەگە كېلىپ، جىم ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشىسا، بۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھى ۋە بۇنىڭغا يەنە ئۈچ كۈن ئىچىدىكى گۇناھى قوشۇلۇپ مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ كىمكى ئۇششاق تاشلارنى سىلىسا (ئوينىشىپ ئولتۇرسا)، ئورۇنسىز ئىش قىلغان بولىدۇ**»[84].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**كىمكى ئۈچ جۈمەنى سەل قاراپ تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋېتىدۇ**»[85].

---

[82] سۈرە جۈمە، 9 - ئايەت..

[83] ئەبۇ داۋۇد، 1067 - ھەدىس.

[84] سەھىھ مۇسلىم، 857 - ھەدىس.

[85] تىرمىزىي، 500 - ھەدىس.

جۈمە نامىزى قىرائەت ئۈنلۈك قىلىنىدىغان ئىككى رەكئەت نامازدۇر.

ھەر كىشىگە ئالاھىدە، مۇستەقىل پەرزدۇر.

پېشىنىنىڭ ئورنىغا ئوقۇلىدىغان ناماز ئەمەستۇر.

جۈمە نامىزىنى ئوقۇيالمىغان كىشىنىڭ تۆت رەكئەت پېشىن نامىزىنى ئوقۇشى پەرزدۇر.

**جۈمە نامىزىنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى**

جۈمە نامىزى تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان كىشىگە پەرزدۇر:

1. ئەر كىشى بولۇش، جۈمە نامىزى ئايال كىشىگە پەرز بولمايدۇ؛

2. ھۆر بولۇش؛

3. شەھەردە ياكى شەھەر ھېسابلىنىدىغان يەردە تۇرىدىغان بولۇش، يولۇچىغا ھەم چەت سەھرادا تۇرۇۋاتقان كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز بولمايدۇ؛

4. ساغلام بولۇش، كېسەل كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز بولمايدۇ؛

5.خاتىرجەم بولۇش، جۈمە نامىزى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالغان كىشىگە پەرز بولمايدۇ؛

6. كۆزى كۆرىدىغان بولۇش، ئەما كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز بولمايدۇ؛

7. يول يۈرەلەيدىغان بولۇش، ماڭالمايدىغان كىشىگە جۈمە نامىزى پەرز بولمايدۇ.

جۈمە نامىزى پەرز بولمايدىغان كىشىلەر جۈمە نامىزىنى ئوقۇغان بولسا، نامىزى ئادا بولىدۇ ۋە ئۇلاردىن پېشىن نامىزى ساقىت بولىدۇ، بەلكى بۇنداق كىشىلەرنىڭمۇ جۈمە نامىزىنى ئوقۇشى مۇستەھەب.

ئايال كىشى ئۆيىدە پېشىن ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئۇلاردىن جامائەت نامىزىغا قاتنىشىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

**جۈمە نامىزى ئوقۇشنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى**

جۈمە نامىزى ئوقۇش تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغاندا دۇرۇس بولىدۇ:

1. شەھەر ياكى شەھەر ئەتراپى بولۇش. ئادەم ئاز تىپىلىدىغان چەت يېزا - قىشلاقلاردا جۈمە نامىزى ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

بىر شەھەر ياكى ئەتراپىدا نۇرغۇن ئورۇندا جۈمە نامىزى ئوقۇش دۇرۇس؛

2. جۈمە نامىزىدا ئىمام (سۇلتان) ياكى ئۇنىڭ نائىبى بولۇش؛[86]

3. جۈمە نامىزىنىڭ پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇلۇشى، پېشىن ۋاقتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ؛

[86] زامانىمىزدىكى فۇقاھالار ئىسلام ھۆكۈمىتى ياكى سۇلتان بولمىغان يۇرتلاردا جۈمە ۋە ھېيت نامىزىنى ئوقۇسا بولىدۇ دەپ پەتىۋا بەرمەكتە.

4. جۈمە نامىزىدىن بۇرۇن پېشىن ۋاقتىدا خۇتبە ئوقۇش. خۇتبىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئاز دېگەندە جۈمە پەرز بولغان بىر كىشى ھازىر بولۇش كېرەك؛

5. ئومۇمغا ئېچىۋېتىلگەن بولۇش يەنى جۈمە ئوقۇلىدىغان ئورۇنغا جۈمە ئوقۇشنى خالىغان ھەر كىشى كىرەلەيدىغان بولۇش. كىشىلەرنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن جايدا جۈمە نامىزى ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ؛

6. جامائەت بىلەن ئوقۇلغان بولۇش. ئەگەر كىشىلەر جۈمەنى ئايرىم - ئايرىم ئوقۇسا، دۇرۇس بولمايدۇ.

ئىمامدىن باشقا ئۈچ كىشى بىلەن جۈمە نامىزىنىڭ جامائىتى ھاسىل بولىدۇ.

جۈمە نامىزىدا يولۇچى ياكى كېسەل كىشى ئىمام بولسىمۇ، ناماز ئادا بولىدۇ.

**جۈمە خۇتبىسىنىڭ سۈننەتلىرى**

جۈمە خۇتبىسىدە تۆۋەندىكى ئىشلار سۈننەت بولىدۇ:

1. خەتىب چوڭ - كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن ۋە نىجاسەتتىن پاك بولۇشى؛

2. خەتىب ئەۋرىتىنى ياپقان بولۇشى؛

3. خەتىب خۇتبىنى باشلاشتىن بۇرۇن مۇنبەردە ئولتۇرغان بولۇشى؛

4. ئەزاننىڭ خەتىبنىڭ ئالدىدا ئوقۇلۇشى؛

5. ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇش؛

6. خۇتبىنى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن باشلاش؛

7. ئاللاھ تائالاغا لايىقىدا ھەمدۇسانا ئوقۇش؛

8. خۇتبىدە ئىككى شاھادەتنى ئوقۇش؛

9. خۇتبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش؛

10. خۇتبىدە كىشىلەرگە ۋەز - نەسىھەت قىلىش ۋە ئاز دېگەندە بىر ئايەت بولسىمۇ ئوقۇش؛

11. ئىككى قېتىم خۇتبە ئوقۇش ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يېنىككىنە ئولتۇرۇش؛

12. ئىككىنچى قېتىملىق خۇتبىنى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش بىلەن باشلاش؛

13. ئىككىنچى قېتىملىق خۇتبىدە مۇئمىن ئەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا دۇئا قىلىش ۋە ئىستىغپار ئېيتىش؛

14. جامائەتنىڭ ياخشى تىڭشىيالىشى ئۈچۈن خۇتبىنى ئۈنلۈك ئوقۇش؛

15. «تىۋالى مۇپەسسەل»[87] دىكى بىرەر سۈرە مىقدارىچىلىك دەرىجىدە خۇتبىنى يەڭگىل ئوقۇش.

---

[87] تىۋالى مۇپەسسەل «ھۇجۇرات» سۈرىسىدىن «بۇرۇج» سۈرىسىگىچە بولغان سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**جۈمە نامىزىغا ئالاقىدار تارماق ئەھكاملار**

بىرىنچى ئەزان چىققان ھامان سودا ـ سېتىقنى تاشلاش ۋە جۈمە نامىزىغا ئالدىراش ۋاجىب.

ئىمام خۇتبىگە چىقسا، ناماز ئوقۇش ۋە گەپ سۆز قىلىش جائىز بولمايدۇ.

سالامغا جاۋاب قايتۇرۇلمايدۇ.

چۈشكۈرگەن كىشىگە نامىز ئوقۇلۇپ بولمىغۇچە «يەرھەمۇكەللاھ» (ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن) دېيىلمەيدۇ.

خەتىبنىڭ خۇتبىنى ئۇزارتىۋېتىشى مەكرۇھ.

خەتىبنىڭ خۇتبىنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرەرسىنى تەرك ئېتىشى مەكرۇھ.

(خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا) يېيىش، ئىچىش، ئوينىشىش ۋە كەلگەن كىشىگە بۇرۇلۇپ قاراش قاتارلىقلار مەكرۇھ.

خەتىب مۇنبەردە تۇرغاندا جامائەتكە سالام بەرمەيدۇ.

ئىمام تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ياكى سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىۋاتقاندا بىرى كېلىپ ئىقتىدا قىلغان بولسا، جۈمەگە قاتناشقان بولىدۇ ۋە ئىككى رەكئەتنى تولۇقلاپ ئوقۇيدۇ.

ئۆزرىلىك كىشىلەر ۋە مەھبۇسلارنىڭ جۈمە كۈنى شەھەر ئىچىدە جامائەت بولۇپ پېشىن ئوقۇشى مەكرۇھ.

# ئىككى ھېيت نامىزى

«ئېيد (العيد)» كەلىمىسى (بىز ئۇيغۇرلار «ھېيت» دەپ تەلەپپۇز قىلىمىز) ئەرەب تىلىدىكى «قايتماق، يوقلىماق، تەكرارلانماق» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان «العود» كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن سۆزدۇر. ھېيت ھەر يىلى تەكرارلىنىپ تۇرغانلىقى ياكى ھېيت بىلەن تەڭ خۇشاللىق كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ھېيت كۈنى (يوم العيد) دەپ ئاتالغان.

## ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ دەلىللىرى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدۇر. قۇرئاندىكى دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن**﴾[88].

ھەدىستىكى دەلىلى ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنىلىكلەرنىڭ ئويۇن - تاماشا قىلىدىغان ئىككى كۈنى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[88] سۈرە كەۋسەر، 2 - ئايەت.

– «بۇ ئىككىسى قايسى كۈن؟» – دەپ سورىدى. ئۇلار:

– بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ ئىككى كۈندە ئويۇن – تاماشا قىلاتتۇق، – دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

**– «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئىككى ھېيتىڭلارنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئىككى ھېيتنى ئالماشتۇرۇپ بەردى. ئۇلار قۇربانلىق كۈنى ۋە روزا ھېيت كۈنىدۇر»**[89].

## ئىككى ھېيت ھەققىدە ئەھكاملار

ئىككى ھېيت نامىزى ۋاجىبتۇر.

ئىككى ھېيت قىرائىتى ئۈنلۈك ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەتلىك نامازدۇر.

بۇ نامازلار قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئادەتتىكى نامازلاردىكىگە قارىغاندا ئارتۇق ئېيتىلىدىغان تەكبىرلەر بىلەن ئوقۇلىدۇ.

بۇ تەكبىرلەردىن ئۈچى بىرىنچى رەكئەتتە ھەمدۇ- سانادىن كېيىن، قالغان ئۈچى ئىككىنچى رەكئەتتە رۇكۇدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدۇ.

ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ.

---

[89] ئەبۇ داۋۇد، 1134 – ھەدىس.

### ئىككى ھېيت نامىزى كىملەرگە ۋاجىب؟

ئىككى ھېيت نامىزى جۈمە نامىزى پەرز بولغان ھەرقانداق ئادەمگە ۋاجىبتۇر. مەسىلەن، ساق، ھۆر، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان، كۆزى كۆرىدىغان، بىخەتەر يول يۈرەلەيدىغان كىشىلەرگە ۋاجىبتۇر.

ئايال كىشىگە، كېسەلگە، يولۇچىغا، ئەماغا، خەۋپ ئىچىدە قالغان ئادەمگە ۋە يول يۈرەلمەيدىغانلارغا ۋاجىب بولمايدۇ.

ئىككى ھېيت نامىزى ۋاجىب بولمايدىغان كىشى ناۋادا جامائەت بىلەن ھېيت نامىزى ئوقۇغان بولسا، نامىزى دۇرۇس بولىدۇ.

### ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرى

ئىككى ھېيت نامىزى پەقەت تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلغاندىلا دۇرۇس بولىدۇ:

1. شەھەر ۋە ئەتراپى؛

2. ھاكىم ۋە ئۇنىڭ نائىبى[90]؛

3. ھەممىگە ئېچىۋېتىلگەن بولۇش؛

4. جامائەت بولۇشى؛ ئىككى ھېيت نامىزىدا ئىمامدىن باشقا بىر ئادەم بولسا، جامائەت ھاسىل بولىدۇ.

---

[90] زامانىمىزدىكى فۇقاھالار بۈگۈنكىدەك ئىسلام ھۆكۈمىتى تېپىلمايدىغان يۇرتلاردا مۇسۇلمان ھاكىم بولمىسىمۇ ھېيت نامىزى ئوقۇلىدۇ، دەپ پەتىۋا بەرمەكتە.

5. ۋاقتىدا ئوقۇلغان بولۇش. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە باشلىنىپ، تىكتىن قايرىلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئىككى ھېيت نامىزىنى خۇتبىسىز ئوقۇش دۇرۇس بولسىمۇ، مەكرۇھ بولىدۇ.

ئىككى ھېيت نامىزىدا خۇتبە نامازدىن بۇرۇن ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ،لېكىن مەكرۇھتۇر.

**روزا ھېيت كۈنى مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار**

روزا ھېيت كۈنى تۆۋەندىكى ئىشلار مۇستەھەب:

1. ئۇيقۇدىن بالدۇر ئويغىنىش؛

2. بامدات نامىزىنى مەھەللە مەسچىتىدە ئوقۇش؛

3. مىسۋاك قىلىش؛

4. غۇسۇل قىلىش؛

5. چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش؛

6. خۇش پۇراق ئىشلىتىش؛

7. ھېيت نامىزىغا بېرىشتىن بۇرۇن بىرەر نەرسە يەۋېلىش؛

8. پىتىر سەدىقىسى ۋاجىب بولغان كىشى نامازگاھقا بېرىشتىن بۇرۇن پىتىر سەدىقىسىنى ئادا قىلىۋېتىش؛

9. قۇربى يەتسە، پىتىر سەدىقىسىنى كۆپرەك بېرىش؛

10. خۇشال كەيپىياتتا بولۇش؛

11. نامازگاھقا پىيادە، ئىچىدە تەكبىر ئېيتقان ھالدا، بالدۇر بېرىش ۋە نامازگاھقا يېتىپ بارغان ھامان تەكبىرنى توختىتىش؛

12. ھېيت نامىزىدىن قايتقاندا باشقا يول بىلەن قايتىش.

ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئۆيدە ۋە نامازگاھتا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ.

ئىككى ھېيت نامىزىدىن كېيىن، نامازگاھتا نەپلە ناماز ئوقۇش مەكرۇھ، ئەمما ئۆيدە ئوقۇش مەكرۇھ بولمايدۇ.

## ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۇسۇلى

ھېيت نامىزى ئوقۇماقچى بولسىڭىز، نامازنى ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئىمام بىلەن بىرگە ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ۋە «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەھرىم باغلاڭ، ئاندىن سانا ئوقۇڭ، ئاندىن ئىمام بىلەن بىرگە ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەڭ، ھەر قېتىمدا ئىككى قولىڭىزنى قۇلىقىڭىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈڭ، ئاندىن سۈكۈتتە تۇرۇڭ. (بۇ چاغدا) ئىمام مەخپىي ھالدا «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دەيدۇ، ئاندىن فاتىھەنى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر سۈرە قوشىدۇ. ئىمامنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە «ئەئلا سۈرىسى»نى

ئوقۇشى مۇستەھەب. ئاندىن ئادەتتىكى نامازلارغا ئوخشاش ئىمام قانداق رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان بولسا، سىزمۇ شۇنداق رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىڭ. ئىمام بىلەن ئىككىنچى رەكئەتكە قىيامدا تۇرغاندا سۈكۈتتە تۇرۇڭ. (بۇ چاغدا) ئىمام مەخپىي ھالدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دەيدۇ، ئاندىن فاتىھەنى ۋە يەنە بىر سۈرىنى ئۈنلۈك قىرائەت قىلىدۇ. ئىمامنىڭ ئىككىنچى رەكئەتتە «غاشىيە سۈرىسى»نى ئوقۇشى مۇستەھەب. ئىمام قىرائەتتىن پارىغ بولۇپ، ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. سىزمۇ ئىمام بىلەن بىرگە تەكبىر ئېيتىڭ. ھەر قېتىمدا ئىككى قولىڭىزنى قۇلىقىڭىزنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈڭ، ئاندىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىڭ، نامىزىڭىزنى ئادەتتىكى نامازلارغا ئوخشاش تاماملاڭ. ئىمام نامازدىن پارىغ بولغاندا، ئىككى قېتىم خۇتبە ئوقۇيدۇ، خۇتبىدە كىشىلەرگە روزا ھېيتىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەلىم بېرىدۇ. ئىككىنچى رەكئەتتە زىيادە تەكبىرلەرنى قىرائەتتىن ئىلگىرى ئوقۇسا، جائىز بولىدۇ، لېكىن قىرائەتتىن كېيىن ئوقۇش ئەۋزەلدۇر. ئۆزرىلىك بولسا، ھېيت نامىزىنى ئەتىسىگىچە كېچىكتۈرۈش جائىز. ئىككى ھېيت نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشى قازاسىنى قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇنى جامائەتسىز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

## قۇربان ھېيتقا دائىر ئەھكاملار

قۇربان ھېيتنىڭ ئەھكاملىرى روزا ھېيتنىڭ ئەھكاملىرى بىلەن ئوخشاش.

قۇربان ھېيت نامىزىمۇ روزا ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئوقۇلىدۇ، بىراق قۇربان ھېيتتا ناماز ئوقۇلۇپ بولمىغۇچە بىر نەرسە يېمەسلىك ياخشى.

يوللاردا ئۈنلۈك تەكبىر ئېيتىپ ماڭىدۇ.

قۇربان ھېيت خۇتبىسىدە قۇربانلىققا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار ۋە تەشرىق تەكبىرلىرى[91] تەلىم بېرىلىدۇ.

ئۆزرىلىك ئەھۋاللاردا قۇربان ھېيت نامىزىنى ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنىگىچە كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەيلى جامائەت بىلەن ياكى يالغۇز ئوقۇسۇن، يولۇچى ياكى مۇقىم تۇرغۇچى بولسۇن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن، سەھرالىق ياكى شەھەرلىك بولسۇن، پەرز ناماز ئوقۇغان ھەركىم ئەرەپات كۈنى يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئون ئۈچىنچى كۈنى ئەسىر نامىزىغىچە (ھەر پەرز نامازدىن كېيىن) بىر قېتىم ئۈنلۈك ئاۋازدا تەشرىق تەكبىرى ئېيتىشى ۋاجىب.

[91] ھېيت كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن يەنى ئەرەپە كۈنى بامدات نامىزىدىن باشلاپ تاكى ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەسىرگىچە ھەر پەرز نامازدىن كېيىنلا ئوقۇلىدىغان تەكبىرلەر «تەشرىق تەكبىرلىرى» دېيىلىدۇ. تەشرىق تەكبىرلىرى تۆۋەندىكىدەك ئوقۇلىدۇ: «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىل ھەمد. ئاللاھۇ ئەكبەر كەبىيرا، ۋەلھەمدۇلىللاھى كەسىيرا، ۋە سۇبھانەللاھ بۇكرەتەن ۋە ئەسىيلا.

# كۇسۇف (كۈن تۇتۇلۇش) ۋە خۇسۇف (ئاي تۇتۇلۇش) نامازلىرى

كۇسۇف ئايىنىڭ قۇياش بىلەن يەر شارى ئارىسىدا توسالغۇ بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھادىسە بولۇپ، قۇياشنىڭ نۇرسىزلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

خۇسۇف بولسا كېچىدە يەر شارىنىڭ ئاي بىلەن قۇياش ئارىسىدا توسالغۇ بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھادىسە بولۇپ، ئاينىڭ تامامەن ياكى قىسمەن نۇرسىزلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھادىسە پەقەت تولۇن ئاي كۆرۈنگەن كېچىلەردىلا يۈز بېرىدۇ.

كۇسۇف ۋە خۇسۇف نامىزى مۇئەييەن سەۋەب تۈپەيلى يولغا قويۇلغان نامازلاردىن بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى بۇ نامازلاردا مۇسىبەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى، يورۇقلۇقنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ، ئاللاھ تائالاغا يېلىنىپ ئىلتىجا قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارىي ئەبۇ بەكرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (بىر كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قۇياش تۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىداسىنى سۆرىگەن ھالدا چىقتى ـ دە، مەسچىتكە كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا

ئولاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. شۇ ھامان قۇياشنىڭ يۈزى ئېچىلدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: **«شۈبھىسىزكى،قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ (قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) ئىككى ئالامەتتۇر. بۇ ئىككىسى بىراۋنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى ياكى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ. ئاللاھ بۇلار بىلەن بەندىلىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ناۋادا مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرسە، سىلەرگە يەتكەن ئۇ ئىش (مۇسىبەت) كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر ناماز ئوقۇڭلار»**[92].

قۇياش تۇتۇلغاندا جامائەت بولۇپ ئىككى رەكئەت ياكى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇش سۈننەت.

قۇياش تۇتۇلغاندا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش كۈچلۈك سۈننەتتۇر.

ئاي تۇتۇلغاندا جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇش سۈننەت ئەمەس، بەلكى ھەممەيلەن ئايرىم - ئايرىم ناماز ئوقۇيدۇ.

كۇسۇف نامىزىدا ئەزان، تەكبىر ۋە خۇتبە بولمايدۇ. (ئىنسانلارغا) «ئەسسالاتۇ جامىئە! (ناماز جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدۇ)» دەپ چاقىرىق قىلىنىدۇ.

كۇسۇف نامىزىدا ئىمامنىڭ قىرائەت، رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۇزۇن قىلىشى سۈننەت.

---

[92] سەھىيھۇلبۇخاري، 1063 - ھەدىس.

# ئىستىسقا (يامغۇر تىلەش) نامىزى

ئىمام ئەبۇ داۋۇد رەھىمەھۇللاھ «سۈنەن» ناملىق **كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىسقا نامىزىنى ھېيت نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت ئوقۇدى»**[93].

ئىستىسقا بەندىلەر سۇغا موھتاج بولغاندا، ئاللاھ تائالادىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىشىنى تىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىستىسقا نامىزى ئوقۇپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغانلىقى ئىسپاتلانغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا ئىستىسقا نامىزىنى جامائەت بولۇپ ئوقۇش سۈننەت ئەمەس.

ئىمام ئەبۇ يۈسۈف ۋە ئىمام مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام كىشىلەرگە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ، قىرائەتنى ئۈنلۈك قىلىدۇ، نامازدىن كېيىن ئىككى خۇتبە ئوقۇيدۇ».

يامغۇر تىلەش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا ئارقىمۇئارقا ئۈچ كۈن چىقىش مۇستەھەب.

كىشىلەرنىڭ ئىستىسقا نامىزىغا پاكىز، (ئەمما) كونا ياكى ياماق سېلىنغان كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنى

---

[93] تىرمىزىي، 558 - ھەدىس.

خار، كەمتەر، ئاللاھتىن قورققان، باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا، پىيادە چىقىشى مۇستەھەب.

ھەر كۈنى ئىستىسقا نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن سەدىقە قىلىش مۇستەھەب.

روزا تۇتۇش مۇستەھەب.

گۇناھلارغا تەۋبە قىلىپ، كۆپرەك ئىستىغپار ئېيتىش مۇستەھەب.

چارۋا ـ ماللارنى، ياشانغانلارنى ۋە ئۇششاق باللارنى بىرگە ئېلىپ چىقىش مۇستەھەب.

ئىمام ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ دۇئا قىلىدۇ. ئىقتىدا قىلغۇچىلار ئولتۇرۇپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئىمامنىڭ دۇئاسىغا «ئامىن» دەيدۇ.

ئىمام دۇئاسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھ! بىزنى دەردىمىزگە دەرمان بولغۇچى؛ زىيانلىق ئەمەس، پايدىلىق؛ كېيىن ئەمەس، ھازىر ياغىدىغان يامغۇر بىلەن سۇغارغىن. ئى ئاللاھ! بەندىلىرىڭنى ۋە چارۋا ـ ماللىرىنى سۇغارغىن، رەھمىتىڭنى كەڭ يايغىن، قۇرۇپ كەتكەن بۇ دىيارنى ياشارتقىن. ئى ئاللاھ! سەن يېگانە، ھەقىقىي ئىلاھتۇرسەن، سەن ھەممىدىن بىھاجەت، بىز بولساق ساڭا موھتاجدۇرمىز. بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن، ئۇ يامغۇرنى بىزگە بىر زامانلارغىچە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ماغدۇر قىلغىن!».

# ئۆچىنچى باب
# جىنازا ھەققىدە

# جىنازا ھەققىدە

## سەكراتتىكى كىشىگە نېمىلەر قىلىنىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ‹لا إله إلا الله› يەنى ‹ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق› بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ**» دەيدۇ[94].

ئۆلۈمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن كىشىنى ئوڭ يېنىچە ياتقۇزۇپ، يۈزىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇش سۈننەت.

ئىككى پۇتىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇشمۇ جائىز. (بۇ چاغدا) يۈزى قىبلە تەرەپكە قاراپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بېشىنىڭ ئاستىغا بىرنەرسە قويۇپ، ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ.

ئۆلۈمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن كىشىگە «ئىككى شاھادەت كەلىمىسى»نى[95] ئاغزىغا سېلىش مۇستەھەب.

ئاغزىغا سېلىش مۇنداق بولىدۇ: كېسەلنىڭ يېنىدا ئىككى شاھادەت كەلىمىسى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە، ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا: «مۇنداق دېگىن»

---

[94] ئەبۇ داۋۇد، 3116 - ھەدىس.

[95] «أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله».

دەپ بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى، كېسەل «ياق» دەپ قويسا، گۇمانغا قالىدۇ[96].

ئۆلۈمنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن كىشىنىڭ يېنىغا ئائىلىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ كىرىشى، يېنىدا «ياسىن سۈرىسى»نى ئوقۇشى مۇستەھەب.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: **«يېنىدا ياسىن ئوقۇلغان ھەرقانداق كېسەل ئۇسسۇزلۇق تارتماي جان بېرىدۇ، ئۇسسۇزلۇق تارتمىغان ھالدا قەبرىگە كىرگۈزۈلىدۇ، قىيامەت كۈنى يەنە ئۇسسۇزلۇق تارتمىغان ھالدا ھەشر قىلىنىدۇ»**[97].

## مېيىت يۇيۇلۇشتىن بۇرۇن نېمە ئىشلار قىلىنىدۇ؟

سەكراتقا چۈشكەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، كەڭ رەخت بىلەن ئېڭىكى تېڭىلىدۇ، بېشىنىڭ ئۈستىدىن باغلىنىدۇ، كۆزى يۇمدۇرۇلىدۇ.

مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغان كىشى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ ئىسمى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن باشلايمەن. ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلغىن، كېيىنكى ئىشلىرىنى قولاي

[96] سەكراتنىڭ ئېغىرلىقىدىن ياق دېگەندەك تۇيغۇ بېرىدىغان گەپ -سۆز ياكى ئىشارەت قىلىپ قويسا گۇمانغا قالىدۇ.

[97] ئەبۇ داۋۇد، 1206 - ھەدىس.

قىلغىن، جامالىڭنى كۆرسىتىپ، سائادەتمەن قىلغىن، ئاخىرەتلىكىنى بۇ دۇنيالىقىدىن ياخشى قىلغىن!».

مېيىتنىڭ قورسىقى بودىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۈستىگە ئېغىرراق نەرسە قويۇلىدۇ.

ئىككى قولى ئىككى بېقىنىدا قويۇلىدۇ.

قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ قويۇش جائىز بولمايدۇ.

مېيىت يۇيۇلۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ يېنىدا قىرائەت قىلغۇچىنىڭ يېقىن تۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىشى مەكرۇھتۇر. يىراق تۇرۇپ ئۈنلۈك قىرائەت قىلسا، كېرەك يوق.

باشقىلارغا ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇش مۇستەھەب.

مېيىتنى ئالدىراپ تەييارلاپ، دەپنە قىلىش مۇستەھەب.

## مېيىتنى يۇيۇپ تاراشنىڭ ھۆكمى

مېيىتنى يۇيۇپ تاراش تىرىكلەرگە پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزى كىشىلەر يۇسا، باشقىلاردىن پەرز ساقىت بولىدۇ. ھېچكىم يۇمىسا، ھەممە كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلغاندا مېيىتنى يۇيۇش پەرز بولىدۇ:

1. مېيىتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، كاپىرنى يۇيۇش ۋاجىب بولمايدۇ؛

2. مېيىتنىڭ بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمى ياكى بېشى بىلەن قوشۇپ يېرىم بەدىنى بار بولۇش؛

3. تەۋھىد كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىد بولماسلىقى، چۈنكى شېھىد يۇيۇلمايدۇ، بەلكى قېنى ۋە كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ؛

4. بەدىنى تولۇق شەكىللەنمەستىن، ئۆلۈك ھالدا چۈشكەن تۆرەلمە بولماسلىق.

تىرىك تۇغۇلۇپ، ئاۋازى ئاڭلانغان ياكى بىرەر ھەرىكىتى كۆرۈلگەندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان بولسا، مەيلى ئاي - كۈنى توشماي تۇغۇلغان بولسۇن ياكى توشۇپ تۇغۇلغان بولسۇن، يۇيۇش ۋاجىب بولىدۇ.

بالىنىڭ ئەزالىرى تولۇق شەكىللەنگەن بولسا، ئۆلۈك چۈشكەن بولسىمۇ، يۇيۇلىدۇ.

**مېيىتنى يۇيۇش ئۇسۇلى**

مېيىت خۇش پۇراق ئىشلىتىلگەن كارىۋات ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە كىندىكىدىن تىزىغىچە بولغان ئەۋرەت جايلىرى يۆگەلگەندىن كېيىن، كىيىملىرى سالدۇرۇلىدۇ.

ئاندىن نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالدۇرۇلىدۇ، ئېغىزى ۋە بۇرنىنىڭ ئىچىگە سۇ كىرگۈزۈلمەيدۇ، بەلكى سۇ بىلەن نەملەنگەن رەخت بىلەن سۈرتۈلىدۇ.

ئۈستىگە سىدر[98] ياكى ئۇشنان يوپۇرمىقى[99] بىلەن قايناتىلغان سۇ قۇيۇلىدۇ. سىدر ياكى ئۇشنان تېپىلمىسا، ساپ سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ.

بېشى ۋە ساقىلى سوپۇن بىلەن يۇيۇلىدۇ.

ئاندىن سول يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە سۇ تۆكۈلىدۇ، بېقىنلىرىغا سۇ يەتكۈزۈلىدۇ.

ئاندىن ئوڭ تەرىپىگە ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە سۇ تۆكۈلىدۇ، سۇ تەگمەسلىك ئېھتىمالى بار ھەر يەرگە سۇ يەتكۈزۈلىدۇ.

ئاندىن يۇغان كىشى مېيىتنى ئۆزىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ، قورسىقىنى يىنىك سىلاپ چىقىدۇ، مېيىتنىڭ ئالدى ياكى كەينىدىن چىقىپ كەتكەن نىجاسەتلەر تازىلىنىدۇ، ئەمما قايتا يۇيۇلمايدۇ.

ئاندىن لۆڭگە بىلەن قۇرۇتۇلىدۇ.

ساقىلى ۋە بېشىغا ھەنۇت[100] سۈرتۈلىدۇ.

سەجدە ئەزالىرىغا كاپۇر[101] قويۇلىدۇ.

تىرنىقى ۋە چېچى كېسىلمەيدۇ.

---

[98] سىدرە دەرىخىنىڭ سوقۇلغان ياپرىقى، پاكىزلاش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، قەدىمكى زامانلاردا مېيىتنى يۇيۇشتا ئىشلىتىلەتتى.

[99] تازىلاش خۇسۇسىيىتى بار دەرەخ يوپۇرمىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى ياكى كۈلى كىيىم ۋە قول يۇيۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

[100] بىر خىل خۇش پۇراق ئۆسۈملۈك بولۇپ، مېيىتنىڭ بەدىنىگە ۋە كېپەنلىكىگە سۈرتۈلىدۇ.

[101] مەلۇم بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن خۇش پۇراق چىقىدۇ، مېيىتنىڭ بەدىنىگە ۋە كېپەنلىكىگە سۈرتۈلىدۇ.

چىچى ۋە ساقىلى تارالمايدۇ.

يۇيىدىغان ئادەم تېپىلمىسا، ئايال كىشى ئېرىنى يۇيىدۇ.

يۇيىدىغان ئايال كىشى تېپىلمىسا، ئەر ئايالىنى بىۋاسىتە قولى بىلەن يۇمايدۇ، بەلكى پەلەيدەك نەرسە بىلەن يۇيىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ شۇنداقلا ئايال كىشىنىڭ نارەسىدە ئوغۇل ۋە نارەسىدە قىزنى يۇيۇشى جائىز.

## مېيىتنى كېپەنلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

مېيىتنى كېپەنلەش مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇپايە.

مېيىتنى بەزى كىشىلەر كېپەنلىسە، باشقىلاردىن پەرز ساقىت بولىدۇ؛ ھېچكىم كېپەنلىمىسە، ھەممەيلەن گۇناھكار بولىدۇ.

مۇسۇلمانلاردىن پەرز كۇپايە ساقىت بولىدىغان كېپەنلىكنىڭ ئەقەللىي مىقدارى مېيىتنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ياپقۇدەك رەختتۇر.

مېيىت باشقىلارنىڭ ھەققىدىن خالىي، شەخسىي مال - مۈلكىدىن كېپەنلىنىدۇ.

ئەگەر مېيىتنىڭ مېلى بولمىسا، ھايات ۋاقتىدا نەپىقىسى زىممىسىگە يۈكلەنگەن كىشىنىڭ كېپەنلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ئۇنداق كىشىمۇ بولمىسا، بەيتۇلمال (دۆلەت خەزىنىسى)دىن كېپەنلىنىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇلمالى بولمىسا ياكى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئېلىش مۇمكىن بولمىسا، قۇربى يېتىدىغان مۇسۇلمانلار جامائىتىگە مېيىتنى كېپەنلەش ۋاجىب بولىدۇ.

## كېپەنلىكنىڭ تۈرلىرى

كېپەنلىك ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. سۈننەت كېپەنلىك؛
2. كۇپايە كېپەنلىك؛
3. زۆرۈر كېپەنلىك.

ئەر كىشىنىڭ سۈننەت كېپەنلىكى: ئىچ كېپەنلىك (قەمىس)[102]، ئوتتۇرا كېپەنلىك (ئىزار)[103]، تاش كېپەنلىك (لىفافە) دۇر[104].

ئەر كىشىنىڭ كۇپايە كېپەنلىكى: ئىچ كېپەنلىك ۋە تاش كېپەنلىكتۇر، بۇلاردىن ئاز بولۇشى مەكرۇھتۇر.

ئەر كىشىنىڭ زۆرۈر كېپەنلىكى: چارىسىز قالغاندا ئەۋرەتنى ياپقۇچىلىك بولسىمۇ، نېمە تېپىلسا شۇدۇر.

---

[102] مېيىتنىڭ گەدىنىدىن پۇتىغىچە كېلىدىغان، يەڭ، يانچۇقلىرى بولمىغان تۈپتۈز ئاق رەخت.

[103] مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە ئورىيالىغۇدەك ياكى ئۇنىڭدىن قىسقاراق كېلىدىغان ئاق رەخت.

[104] مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە كۆڭلەك، ئىزارلىرى بىلەن قوشۇپ ئورىيالىغۇدەك، ئىزاردىن سەل ئۇزۇنراق كېلىدىغان ئاق رەخت.

كىپەنلىكنىڭ ئاق رەڭلىك، پاختا رەخت بولۇشى ئەۋزەلدۇر.

ئوتتۇرا كىپەنلىك (ئىزار) باشنىڭ چوققىسىدىن تاپانغىچە بولىدۇ.

تاش كىپەنلىك (لىفافە) ئوتتۇرا كىپەنلىكتىن بىر گەز[105] مىقدارى ئۇزۇن بولىدۇ.

ئىچ كىپەنلىك (قەمىس) بويۇندىن تاپانغىچە بولىدۇ،

ئىچ كىپەنلىكنىڭ يەڭلىرى بولمايدۇ.

**ئەر كىشىنى كىپەنلەش ئۇسۇلى**

ئەر كىشىنى كىپەنلەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

ئاۋۋال تاش كىپەنلىك قويۇلىدۇ، ئاندىن تاش كىپەنلىك ئۈستىگە ئوتتۇرا كىپەنلىك قويۇلىدۇ، ئاندىن ئوتتۇرا كىپەنلىك ئۈستىگە ئىچ كىپەنلىك قويۇلىدۇ. ئاندىن (ئىچ كىپەنلىك ئۈستىگە) مېيىت قويۇلۇپ، ئالدى بىلەن ئىچ كىپەنلىك كىيگۈزۈلىدۇ، ئاندىن ئوتتۇرا كىپەنلىك بىلەن سول ۋە ئوڭ تەرەپتىن يۆگىلىدۇ، ئاندىن تاش كىپەنلىك سول ۋە ئوڭ تەرەپتىن يۆگىلىدۇ، ئاندىن تاش كىپەنلىكنىڭ ئىككى ئۇچى چۇۋۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىگىلىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ سۈننەت كىپەنلىكى: تاش كىپەنلىك،

---

[105] بىر گەز 46 سانتىمېتىرغا تەڭ.

ئوتتۇرا كىپەنلىك، ئىچ كىپەنلىك، ياغلىق ۋە (ئايال مېيىتنىڭ كۆكرىكىدىن تىزىغىچە يۆگىلىدىغان) رەخت قاتارلىقلاردۇر.

ئايال كىشىنىڭ كۇپايە كىپەنلىكى: ئوتتۇرا كىپەنلىك، تاش كىپەنلىك ۋە ياغلىقتۇر.

ئايال كىشىنىڭ زۆرۈر كىپەنلىكى: چارىسىز قالغاندا يۆگەيدىغان نىمە تېپىلسا، شۇدۇر.

رەختنىڭ كۆكسىدىن يوتىسىغىچە بولغىنى ئەۋزەل.

## ئايال كىشىنى كېپەنلەش ئۇسۇلى

ئايال كىشىنى كىپەنلەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

ئاۋۋال تاش كىپەنلىك يېيىلىدۇ، ئاندىن تاش كىپەنلىك ئۈستىگە ئوتتۇرا كىپەنلىك يېيىلىدۇ، ئاندىن ئوتتۇرا كىپەنلىك ئۈستىگە ئىچ كىپەنلىك يېيىلىدۇ، ئاندىن مېيىتقا ئىچ كىپەنلىك كىيگۈزۈلىدۇ، چېچى ئىككى ئۆرەم قىلىنىپ، ئىچ كىپەنلىك ئۈستىدىن كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ، ئاندىن بېشىغا ياغلىق ئارتقۇزۇلىدۇ، (لېكىن) ياغلىق ئوراپ يۆگەلمەيدۇ ۋە چىگىلمەيدۇ، ئاندىن ئوتتۇرا كىپەنلىك سول ۋە ئوڭ تەرەپتىن يۆگىلىدۇ، ئاندىن كۆكسى رەخت بىلەن باغلىنىدۇ، ئەڭ ئاخىردا تاش كىپەنلىك بىلەن يۆگىلىدۇ.

# مېيىت نامىزىنىڭ ئەھكاملىرى

مېيىتنىڭ نامىزىنى ئوقۇش مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇپايەدۇر.

مېيىتنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئوقۇسا، پەرز باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ؛ ھېچكىم ئوقۇمىسا، ھەممەيلەن گۇناھكار بولىدۇ.

**مېيىت نامىزىدا ئىككى پەرز بار:**

1. تۆت تەكبىر، ھەربىر تەكبىر بىر رەكئەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ؛

2. قىيام، مېيىت نامىزىنى ئۆزرىسىز ئولتۇرۇپ ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

## مېيىت نامىزىنىڭ شەرتلىرى

مېيىت نامىزى تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغاندىلا دۇرۇس بولىدۇ:

1. مېيىتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، كاپىرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ؛

2. مېيىتنىڭ ھەقىقىي ۋە ھۆكمەن نىجاسەتتىن پاك بولۇشى، نىجاسەتنى يۇيۇۋېتىشتىن بۇرۇن نامىزىنى ئوقۇش جائىز بولمايدۇ؛

3. مېيىتنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا قويۇلغان

بولۇشى، كەيندە قويۇلغان بولسا، مېيت نامىزى ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ؛

4. مېيىتنىڭ يەرگە قويۇلغان بولۇشى.

مېيت كارىۋات ئۈستىگە قويۇلغان بولسىمۇ، نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىزدۇر.

(ئەمما) مېيت بىرەر قاتناش ۋاستىسىگە ياكى ئۇلاغ ئۈستىگە قويۇلغان بولسا، نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىز بولمايدۇ.

مېيت كىشىلەرنىڭ قولىدا ياكى مۈرىسىدە بولسا، نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىز بولمايدۇ.

مېيت مەلۇم ئۆزرە تۈپەيلى بىرەر قاتناش ۋاستىسىدە ياكى باشقىلارنىڭ قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان بولسا، نامىزىنى چۈشۈرۈش جائىزدۇر.

## مېيت نامىزىنىڭ سۈننەتلىرى

مېيت نامىزىدا تۆۋەندىكى ئىشلار سۈننەتتۇر:

1. مېيت ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئىمام مېيىتنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇشى؛

2. دەسلەپكى تەكبىردىن كېيىن سانا ئوقۇش؛

3. ئىككىنچى تەكبىردىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش؛

4. ئۈچىنچى تەكبىردىن كېيىن مېيىتقا دۇئا قىلىش؛

مېيىت ئەر ياكى ئايال بولسۇن، بالاغەتكە يەتكەنلا بولسا، مۇنداق دۇئا قىلىنىدۇ: «**اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِحَيِّنَا وَمَيِّتِنَا، وشَاهِدِنَا وَغَائِبِنَا، وَصَغِيرِنَا وَكَبِيرِنَا، وَذَكَرِنَا وَأُنْثَانَا، اللَّهُمَّ مَنْ أحْيَيْتَهُ مِنَّا فَأَحْيِهِ عَلَى الإِسْلاَمِ، وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فتَوفَّهُ عَلَى الإِيمَان**»[106].

ئەگەر مېيىت نارەسىدە ئوغۇل بولسا، مۇنداق دۇئا قىلىنىدۇ: «**اللَّهُم اجْعَلْهُ لَنَا فَرْطًا وَاجْعَلْهُ لَنَا أَجْرًا وَذُخْرًا وَاجْعَلْهُ لَنَا شَافِعًا مُشَفَّعًا**»[107].

ئەگەر مېيىت نارەسىدە قىز بولسا، مۇنداق دۇئا قىلىنىدۇ: «**اللَّهُم اجْعَلْهَا لَنَا فَرْطًا وَاجْعَلْهَا لَنَا أَجْرًا وَذُخْرًا وَاجْعَلْهَا لَنَا شَافِعَةً مُشَفَّعَةً**».

ناماز تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن، سالام بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

پەقەت بىرىنچى تەكبىردىلا قول كۆتۈرۈلىدۇ.

مېيىت نامىزىغا تۇرغان جامائەتنىڭ ئۈچ، بەش، يەتتە ياكى شۇنىڭدەك تاق سەپ بولۇپ تۇرۇشى مۇستەھەب.

---

[106] ئەبۇ داۋۇد، 3201 - ھەدىس.

[107] شەرھۇسسۇننە، 5 - توم، 357 - بەت.

## مېيىت نامىزىغا ئالاقىدار تارماق ئەھكاملار

مېيىتنىڭ نامىزىنى ۋەلىيسى ئوقۇغان بولسا، قايتا ئوقۇلمايدۇ.

مېيىت نامىزى ئوقۇلمايلا دەپنە قىلىنىۋېتىلگەن بولسا، بۇزۇلۇپ قالمىغان بولسىلا، قەبرىسىگە چىقىپ نامىزى ئوقۇلىدۇ.

ئەگەر بىرقانچە مېيىت بولسا، ھەربىرىنىڭ نامىزى ئايرىم چۈشۈرۈلگىنى ئەۋزەلدۇر. ھەممىسىنىڭ نامىزىنى بىراقلا چۈشۈرۈشمۇ جائىز.

ئىمام بىرقانچە مېيىتنىڭ نامىزىنى بىر قېتىمدىلا ئوقۇماقچى بولسا، جىنازىلار ئىمامنىڭ ئالدىدا بىر قاتار قىلىپ تىزىلىدۇ. ئاۋۋال ئەرلەرنىڭ، ئاندىن نارەسىدە ئوغۇللارنىڭ، ئاندىن ئاياللارنىڭ نامىزى ئوقۇلىدۇ.

ھايات تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئىسمى قويۇلۇپ، ئاندىن نامىزى ئوقۇلىدۇ.

ئۆلۈك تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ، بەلكى يۇيۇلۇپ، بىر پارچە رەختكە ئورىلىپ دەپنە قىلىنىدۇ.

جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇلىدىغان مەسچىتتە ئۆزرىسىز مېيىت نامىزى ئوقۇش مەكرۇھ، ئۆزرىلىك بولسا كېرەك يوق.

ئىمام ئىككى تەكبىر ئارىسىدا تۇرۇۋاتقاندا ئىمامغا ئىقتىدا قىلماقچى بولغان كىشى ئازراق ساقلاپ، ئىمام تەكبىر ئېيتقاندا ئىقتىدا قىلىدۇ ۋە دۇئاسىغا ئەگىشىدۇ،

ئاندىن ئۆلگۈرەلمىگەن تەكبىرلەرنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ.

بەزى تەكبىرلەردە ئىمامغا ئۆلگۈرەلمىگەن كىشى جىنازا كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن قازاسىنى قىلىۋالىدۇ.

باشلىنىش تەكبىردىن كېيىن، ئىككىنچى تەكبىردىن بۇرۇن نامازغا كەلگەن كىشى ئىككىنچى تەكبىرنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدۇ.

تۆتىنچى تەكبىردىن كېيىن، سالامدىن بۇرۇن نامازغا كەلگەن كىشى نامازغا ئۆلگۈرەلمىگەن ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشى يۇيۇلۇپ، نامىزى ئوقۇلىدۇ.

گۇرۇھۋازلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

دادىسى ياكى ئانىسىنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

قاراقچى يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، نامىزى ئوقۇلمايدۇ.

## مېيىت نامىزى ئوقۇش ئۇسۇلى

مېيىت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

ئىمام مېيىتنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرىدۇ، جامائەت ئىمامنىڭ كەينىدە سەپ تۈزىدۇ. ئاندىن ھەر كىشى ئاللاھقا قۇلچىلىق يۈزىسىدىن مېيىت نامىزى ئوقۇشنى نىيەت قىلىدۇ. ئىقتىدا قىلغۇچى

يەنە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىشنىمۇ نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، تەھرىم تەكبىرى (باشلىنىش تەكبىرى) ئېيتىدۇ ۋە سانا ئوقۇيدۇ، ئاندىن قولىنى كۆتۈرمەستىن ئىككىنچى تەكبىرنى ئېيتىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاندىن يەنە قولىنى كۆتۈرمەيلا ئۈچىنچى تەكبىرنى ئېيتىدۇ ھەمدە مېيىتقا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن يەنە قولىنى كۆتۈرمەيلا تۆتىنچى تەكبىرنى ئېيتىپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئىككى قېتىم سالام بېرىدۇ.

ئىمام جىمى تەكبىرلەرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىدۇ، تەكبىردىن باشقىلىرىنى (سانا، دۇرۇت ۋە دۇئالارنى) مەخپىي ئوقۇيدۇ.

ئىقتىدا قىلغۇچىلار ھەممىنى (سانا، دۇرۇت، دۇئا ۋە تەكبىرلەرنى) مەخپىي ئوقۇيدۇ.

**جىنازىنى كۆتۈرۈشكە دائىر ئەھكاملار**

مېيىتنى قەبرىستانلىققا قەدەر كۆتۈرۈپ ئاپىرىش مۇسۇلمانلارغا پەرز كۇپايە ھەم ئىبادەتتۇر. شۇڭا، ھەر مۇسۇلمان جىنازىنى كۆتۈرۈشكە ئالدىرىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگەن.

جىنازىنى تۆت ئادەم كۆتۈرۈشى سۈننەت.

جىنازىنى كۆتۈرگەن ھەر كىشىنىڭ 40 قەدەم مېڭىشى سۈننەت.

جىنازىنى سىلكىمەي، مېيىت مىدىرلاپ كەتمەيدىغان دەرىجىدە تېز ئېلىپ مېڭىش سۈننەت.

جىنازىنىڭ كەينىدە مېڭىش ئالدىدا ماڭغاندىن ئەۋزەل.

جىنازا يەرگە قويۇلۇشتىن بۇرۇن ئولتۇرۇش مەكرۇھ.

دەپىنگە مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

قەبرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاز دېگەندە ئادەم بويىنىڭ يېرىمچىلىك بولۇشى سۈننەت، ئۇنىڭدىن زىيادە بولۇشى ئەۋزەلدۇر.

قەبرىدە لەھەد[108] قىلىنىشى ئەۋزەلدۇر. تۇپراق بوش بولۇپ قالمىسىلا، تىك كولانمايدۇ.

مېيىت قەبرىگە قىبلە تەرەپتىن قويۇلىدۇ.

مېيىتنى قەبرىگە قويغان كىشى: «بىسمىللاھ ۋەئەلا مىللەتى رەسۇلىللاھ»[109] دەيدۇ.

مېيىت قەبرىنىڭ ئىچىدە ئوڭ يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ، قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ.

مېيىت قەبرىگە قويۇلغاندىن كېيىن كېپەنلىك يېشىۋېتىلىدۇ.

مېيىت ئايال كىشى بولسا، قەبرىگە قويۇلغاندا قەبرە يوپۇق بىلەن يۆگەپ تۇرۇلىدۇ، ئەر كىشى بولسا يۆگەلمەيدۇ.

---

[108] تىك كولىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئورەكنىڭ قىبلە تەرىپىگە مېيىت ئازادە ياتقۇدەك دەرىجىدە ئېچىلغان تەكچە.

[109] ئىبنى ماجە، 1550.- ھەدىس.

مېيىت لەھەتكە ياكى كاتەككە قويۇلغاندىن كېيىن، قەبرىنىڭ ئېغىزى قىش ياكى قومۇش بىلەن ئېتىلىدۇ.

قەبرىنى گەج ۋە ياغاچ بىلەن ئېتىش مەكرۇھ؛ قىش ياكى قومۇش تېپىلمىسا، گەج ياكى ياغاچ بىلەن ئەتسىمۇ بولىدۇ.

مېيىتنىڭ دەپنىگە قاتناشقان ھەركىمنىڭ ئۈچ ئۈگۈچ توپا ئېلىپ چېچىشى، بىرىنچى قېتىمدا «منها خلقناكم» دېيىشى، ئىككىنچى قېتىمدا «وفيها نعيدكم» دېيىشى، ئۈچىنچى قېتىمدا «ومنها نخرجكم تارة أخرى» دېيىشى مۇستەھەب.

ئاندىن قەبرىنىڭ (ئېغىزى) ئېتىلگۈچە توپا سىرغىتىلىدۇ، قەبرە تۆگە لوككىسىچىلىك ئېگىز قىلىنىدۇ، تۆت چاسا قىلىنمايدۇ.

زىننەت ۋە پەخىرلىنىش ئۈچۈن قەبرە ئۈستىگە قۇرۇلۇش قىلىش ھارام. قەبرىنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈنمۇ قۇرۇلۇش قىلىش مەكرۇھ.

مېيىتنى ئۆيگە دەپنە قىلىش مەكرۇھ، چۈنكى ئۆيگە دەپنە قىلىنىش پەيغەمبەرلەرگە خاس ئىشلاردىندۇر.

زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قەبرىگە بىردىن كۆپ مېيىتنى دەپنە قىلىش جائىز.

بىر قەبرىگە بىردىن كۆپ مېيىت دەپنە قىلىنسا، ئىككى قەبرىنىڭ ئارىسىغا تۇپراق بىلەن پاسىل قىلىش مۇستەھەب.

كېمىدە ئۆلۈپ قالغان كىشى يۇيۇلۇپ، كېپەنلىككە

ئېلىنىدۇ ۋە نامىزى ئوقۇلىدۇ. قۇرۇقلۇق بەك يىراقتا بولۇپ، مېيىتنىڭ پۇراپ قېلىش خەۋپى بولسا، دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىدۇ.

مېيىتنى ئۆلۈپ قالغان يۇرتتا دەپنە قىلىش مۇستەھەب.

مېيىت قىبلە تەرەپكە قارىتىلماي قويۇلغان بولسا، قەبرە قايتا كولانمايدۇ.

مېيىت سول يېنىچە ياتقۇزۇلغان بولسا، قەبرە قايتا كولانمايدۇ.

ئەگەر مېيىت بىلەن پۇل - مال بىرگە دەپنە قىلىنغان بولسا، (پۇل - مالنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن) قەبرىنى كولاش جائىز.

## قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئەھكاملىرى

قەبرىنى زىيارەت قىلىش ئەرلەر ئۈچۈن مۇستەھەب.

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا «ياسىن» سۈرىسى ئوقۇش مۇستەھەب.

قەبرە ئۈستىگە دەسسەش مەكرۇھ.

قەبرىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاش مەكرۇھ.

قەبرىستانلىقتىن ئوت - چۆپ ۋە دەل - دەرەخلەرنى يۇلۇش مەكرۇھ.

# شېھىدقا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملار

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئاللاھ يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا، مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر. ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ**﴾[110].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**جەننەتكە كىرىدىغان شېھىدتىن باشقا بىرەر كىشى زېمىندىكى بارلىق نەرسە ئۇنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، دۇنياغا قايتىشنى خالىمايدۇ، پەقەت شېھىدلا ئۇزى كۆرۈۋاتقان ھۆرمەت تۈپەيلىدىن دۇنياغا قايتىپ، يەنە ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ**»[111].

شېھىد دېگىنىمىز مەيلى جەڭدە ئۆلتۈرۈلسۇن ياكى ئۆكتىچى، قاراقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسۇن، زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلماننى كۆرسىتىدۇ.

---

[110] سۈرە ئال ئىمران، 169-، 170- ئايەتلەر.
[111] سەھىيھۇلبۇخارىي، 2817 - ھەدىس.

شېھىد مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. دۇنيا ۋە ئاخىرەت شېھىدى؛ بۇ مۇكەممەل شېھىدتۇر.

2. پەقەت ئاخىرەت شېھىدى؛

3. پەقەت دۇنيا شېھىدى.

1) مۇكەممەل شېھىد (دۇنيا ۋە ئاخىرەت شېھىدى): ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇسۇلمان، ئەقلى - ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن، جۇنۇپلۇقتىن پاك بولسا ۋە يارىدار بولغاندىن كېيىن يېيىش، ئىچىش، ئۇيقۇ، داۋالىنىش دېگەندەك ھاياتلىق مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىلەنمەستىن ھەمدە ئەقلى - ھوشى نورمال ھالدا، بىر ۋاخ نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتمەستىنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، (ئۇنداق كىشىدە) مۇكەممەل شېھىدلىك تېپىلغان بولىدۇ.

مۇكەممەل شېھىدنىڭ ھۆكمى: يۇيۇلمايدۇ، كىيىملىرى بىلەنلا كېپەنلىنىدۇ، نامىزى ئوقۇلىدۇ، قانلىرى ۋە كىيىملىرى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلسا، كىيىملىرى تولۇقلىنىدۇ ياكى كېمەيتىلىدۇ، پۈتۈن كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىش مەكرۇھ.

2) پەقەت ئاخىرەت شېھىدى: «مۇسۇلمان بولۇش» شەرتىدىن باشقا، يۇقىرىدىكى شەرتلەردىن بىرەرسىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدۇر. ئۇنىڭغا شېھىد ھەققىدىكى ئەھكاملار يۈرگۈزۈلمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئاخىرەتتە شېھىد ھېسابلىنىپ، شېھىتلارغا ۋەدە قىلىنغان ئەجىر -

ساۋاب بېرىلىدۇ. بۇ تۈردىكى شېھىتلارنىڭ ھۆكمى شۇكى، ئۇلار يۇيۇلىدۇ، كېپەنلىككە ئېلىنىدۇ، باشقا مېيىتلارغا ئوخشاش نامىزى ئوقۇلىدۇ.

3) پەقەت دۇنيا شېھىدى: يەنى دۇنيادىلا شېھىت ھېسابلىنىدۇ. بۇ، مۇسۇلمانلار سېپىدە ئۆلتۈرۈلگەن مۇناپىق بولۇپ، يۇيۇلمايدۇ، كىيىملىرى بىلەنلا كېپەنلىنىدۇ، (بىزگە مەلۇم بولغان) ئەمەلىي ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، مۇكەممەل شېھىدقا ئوخشاش نامىزى ئوقۇلىدۇ.

# تۆتنچى باب

# روزىنىڭ بايانى

# روزىنىڭ بايانى

روزا يەنى «الصوم» كەلىمىسى لۇغەتتە «گەپ - سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەتتىن توختاش، ئۆزىنى تارتىش» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر كىشى تاماقتىن ئۆزىنى تارتسا، «صام عن الطعام» دېيىلىدۇ؛ گەپ - سۆزدىن ئۆزىنى تارتىپ جىم بولۇۋالسا، «صام عن الكلام» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مەريەم سۈرىسىدىكى مۇنۇ سۆزىمۇ شۇ مەنىدە كەلگەن: ﴿**(بۇ شېرىن خورمىدىن) يېگىن، (بۇ تاتلىق سۇدىن) ئىچكىن ۋە خۇرسەن بولغىن، بىرەر ئادەمنى كۆرسەڭ، (ئۇ بالا توغرۇلۇق سورىسا): مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچكىمگە سۆز قىلمايمەن، دېگىن**﴾[112].

روزا «الصوم» شەرئەت ئاتالغۇسىدا «تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش پاتقانغا قەدەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ياكى ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش ۋە ئىبادەت قىلىش مەقسىتىدە جىنسىي ئەزانىڭ شەھۋىتىدىن ۋە قورساققا ياكى قورساق ھېسابلىنىدىغان ئەزاغا قەستەن بىرەر نەرسە كىرگۈزۈشتىن ئۆزىنى تارتىش» دېمەكتۇر.

---

[112] سۈرە مەريەم، 26 - ئايەت.

رامىزان روزىسى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەرز قىلغان ئىبادەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**ئى مۇئمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى**﴾[113].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر. سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن**﴾[114].

دېمەك، رامىزان روزىسى ئىسلامنىڭ تۆتىنچى ئەركانىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئاللاھتىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ مەبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش؛ ئىككىنچىسى، نامازنى ئادا قىلىش؛ ئۈچىنچىسى، زاكات بېرىش؛ تۆتىنچىسى، رامىزان روزىسىنى**

[113] سۈرە بەقەرە، 83 - ئايەت.

[114] سۈرە بەقەرە، 185 - ئايەت.

**تۇتــۇش؛ بەشىنچىســى، هــەج قىلىــش»**[115].

پۈتـۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى رامىزان روزىسىنىڭ ھەربىر مۇكەللەپ (ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن كىشى) كە پەرز ئىكەنلىكىدە بىردەك قاراشتا بولۇپ، بۇنىڭ پەرزلىكىدە ھېچبىر مۇسۇلمان قارشى پىكىردە بولمىغان.

## رامىزان روزىسى كىملەرگە پەرز؟

تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان كىشىگە رامىزان روزىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تۇتۇش ۋە قازاسىنى قىلىش پەرزدۇر:

1. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، نارەسىدە بالىغا روزا پەرز بولمايدۇ؛

2. مۇسۇلمان بولۇش، كاپىرغا روزا پەرز بولمايدۇ؛

3. ئەقلى ـ ھوشى نورمال بولۇش، ساراڭغا روزا پەرز بولمايدۇ؛

4. ئىسلام دىيارىدا ياكى كۇپرى دىيارىدا بولسىمۇ، رامىزاننىڭ پەرزلىكىنى بىلگەن بولۇش.

## رامىزان روزىسىنى تۇتۇش كىملەرگە پەرز؟

1. روزا تۇتۇش ئۆز يۇرتىدا مۇقىم تۇرغان كىشىگە پەرز بولۇپ، يولۇچىنىڭ سەپەر جەريانىدا ئادا قىلىشى پەرز ئەمەس؛

---

[115] سەھىھ مۇسلىم، 16 ـ ھەدىس.

2. ساغلام كىشىگە پەرز بولۇپ، كېسەل كىشىنىڭ لېسەل ۋاقتىدا ئادا قىلىشى پەرز ئەمەس؛

3. پاك ئايال كىشىگە پەرز بولۇپ، ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايالغا پەرز ئەمەس. ئۇلار روزا تۇتقان تەقدىردىمۇ ئادا بولمايدۇ.

**روزا تۇتۇش قاچان دۇرۇس بولىدۇ؟**

تۆۋەندىكى شەرتلەر تولۇقلانغاندا روزا تۇتۇش دۇرۇس بولىدۇ:

1. روزىنى نىيەت قىلىش دۇرۇس بولىدىغان ۋاقىتتا نىيەت قىلغان بولۇش؛

2. ئايال كىشىنىڭ ھەيز ۋە نىفاستىن پاك بولۇشى؛

3. روزا تۇتقۇچىنىڭ يېيىش، ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ۋە مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھۆكمىدىكى روزىنى بۇزىدىغان ئەھۋاللاردىن خالىي بولۇش؛

4. روزىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن روزا تۇتقۇچىنىڭ جۇنۇپلۇقتىن خالىي بولۇشى شەرت ئەمەس.

**روزىنىڭ تۈرلىرى**

روزا ئالتە تۈرلۈكتۇر:

1. پەرز روزا؛

2. ۋاجىب روزا؛

3. سۈننەت روزا؛

4. مۇستەھەب روزا؛

5. مەكرۇھ روزا؛

6. هارام روزا.

**بىرىنچى، پەرز روزا:** رامىزان روزىسىدۇر.

**ئىككىنچى، ۋاجىب روزا:** ۋاجىب روزا تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. بۇزۇپ قويغان نەپلە روزىنىڭ قازاسى؛

2. نەزىر قىلىنغان روزا[116]؛

3. كەففارەت روزىسى.

تۆۋەندىكى ھالەتلەردە كەففارەت روزىسىنى تۇتۇش ۋاجىب بولىدۇ:

* رامىزاندا ئۆزرىسىز، قەستەن روزىنى بۇزۇۋېتىش؛

* كۈندۈزى قەستەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش؛

* زىھار[117] قىلىش؛

* قەسەمنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن تۇتۇلىدىغان روزا؛

* ئېھرام مەزگىلىدە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ قويۇش؛

* خاتالىقتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇش ياكى شۇنىڭ ھۆكمىدىكى ئىشلارنى قىلىپ قويۇش.

---

[116] بۇ مەلۇم ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋەدە قىلىپ تۇتۇلىدىغان روزىدۇر.

[117] ئايالىنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىنى ھارام قىلىش نىيىتى بىلەن ئانىسىنىڭ بىرەر ئەزاسىغا ئوخشىتىش.

**ئۈچىنچى، سۈننەت روزا:** سۈننەت روزا ئاشۇرا (مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى) توققۇزىنچى ياكى ئون بىرىنچى كۈنى بىلەن قوشۇپ روزا تۇتۇشتۇر.

**تۆتىنچى، مۇستەھەب روزا:** مۇستەھەب روزىلار تۆۋەندىكىچە:

1. قايسى كۈن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش؛

2. ھەر ئاينىڭ 13 ـ ، 14 ـ ۋە 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇش؛

3. ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇش؛

4. شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش؛

5. ھەج قىلمىغانلارغا نىسبەتەن ئەرەپىنى كۈنى روزا تۇتۇش؛

6. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسى يەنى بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن تۇتماسلىق. بۇ روزا ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان روزىدۇر.

**بەشىنچى، مەكرۇھ روزا:** مەكرۇھ روزىلار تۆۋەندىكىچە:

1. پەقەت ئاشۇرا كۈنى (مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى) لا روزا تۇتۇش؛

2. پەقەت شەنبە كۈنىلا روزا تۇتۇش؛

3. شەك كۈنى روزا تۇتۇش؛

4. ۋسال روزىسى يەنى ئىپتار قىلماستىن، ئارقىمۇئارقا ئىككى كۈن ئۇلاپ روزا تۇتۇش.

**ئالتىنچى، هارام قىلىنغان روزا:**

1. روزا هېيت كۈنىدە روزا تۇتۇش؛

2. قۇربان هېيت كۈنىدە روزا تۇتۇش؛

3. تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتۇش يەنى زۇلهەججە ئېيىنىڭ 11 ـ ، 12 ـ ۋە 13 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇش.

## روزىدا نىيەتنىڭ ۋاقتى

نىيەت قىلماستىن روزا تۇتۇش دۇرۇس بولمايدۇ. نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر.

1. رامىزان روزىسىدا؛

2. مۇئەييەن نەزىر روزىسىدا؛

3. نەپلە روزىسىدا كېچىدە تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى نىيەت قىلسا بولىدۇ.

رامىزان روزىسى قەيتىسىز نىيەت بىلەنمۇ، نەپلە نىيىتى بىلەنمۇ ئادا بولىدۇ.

مۇئەييەن نەزىر روزىسى قەيتىسىز نىيەت بىلەنمۇ، نەپلە نىيىتى بىلەنمۇ ئادا بولىدۇ.

نەپلە روزا قەيتىسىز نىيەت بىلەنمۇ، نەپلە نىيىتى بىلەنمۇ ئادا بولىدۇ.

نىيەتنى ئالدىن ئېنىق بېكىتىۋېتىش ۋە كېچىسى نىيەت قىلىش تۆۋەندىكى روزىلاردا شەرت قىلىنىدۇ:

1. رامىزان روزىسىنىڭ قازاسى؛

2. بۇزۇۋېتىلگەن نەپلە روزىنىڭ قازاسى؛

3. كەففارەت روزىسى؛

4. قەيتسىز نەزىر روزىسى.

**ھىلال ئاينى كۆرۈش قانداق ئىسپاتلىنىدۇ؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«ئاي كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاي كۆرۈپ ئېغىز ئېچىڭلار. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ قالسا، شەئبان ئېيىنى 30 كۈنگە توشقۇزۇڭلار»**[118].

رامىزان ئېيى (نىڭ كىرگەنلىكى) تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرى بىلەن بېكىتىلىدۇ:

1. ھىلال ئاينى كۆرۈش؛

2. ھىلال ئاي كۆرۈنمىسە، شەئبان ئېيىنىڭ 30 كۈن بولۇپ تولۇقلىنىشى.

رامىزان ئېيىنىڭ ھىلالىنى كۆرۈش بىر ئەر كىشى ياكى بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

---

[118] سەھىيھۇلبۇخارىي، 1810 - ھەدىس.

روزا ھېيتنىڭ ھىلالىنى كۆرۈش ھاۋا بۇلۇتلۇق، چاڭ توزانلىق ياكى تۇمانلىق بولسا، ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن كۆچكە ئىگە بولىدۇ.

ھاۋا ئوچۇق بولسا، رامىزان ئېيىنىڭ ۋە روزا ھېيتنىڭ ھىلالى كۆپ جامائەتنىڭ كۆرۈشى بىلەن كۆچكە ئىگە بولىدۇ.

باشقا ئايلارنىڭ ھىلالىنى كۆرۈش ئادىل ئىككى ئەر ياكى بىر ئەر ۋە بوھتان جازاسى بېرىلىپ باقمىغان ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن كۆچكە ئىگە بولىدۇ.

مەلۇم بىر رايوندا ھىلال ئاي كۆرۈلگەنلىكى ئىشەنچلىك يوللار ئارقىلىق ئىسپاتلانسا، قوشنا رايونلاردىكى ئاينىڭ چىقىش يۆنىلىشى بىر بولغان كىشىلەرگىمۇ روزا تۇتۇش لازىم بولىدۇ.

رامىزان ئېيىنىڭ ھىلالىنى ئۆزى يالغۇز كۆرگەن كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىسىمۇ، ئۆزى روزا تۇتۇشى لازىم. بۇنداق ئادەمنىڭ روزا تۇتماسلىقى جائىز بولمايدۇ.

## شەك كۈنى روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمى

شەك كۈنى شەئبان ئېيىنىڭ 29 ـ كۈنىدىن كېيىنكى ھىلال ئېيىنىڭ كۆرۈنگەن ياكى كۆرۈنمىگەنلىكى مەلۇم بولمىغان كۈندۇر.

شەك كۈنى پەرز روزا نىيىتى بىلەن ياكى پەرز بىلەن

نەپلە ئارىسىدا ئىككىلىنىپ نىيەت قىلىش بىلەن روزا تۇتۇش مەكرۇھ.

شەك كۈنى نەپلە نىيىتىنى كەسكىن قىلىپ روزا تۇتۇش مەكرۇھ.

روزا تۇتۇش ـ تۇتماسلىق ئارىسىدا ئىككىلىنىپ قالغان كىشىنىڭ روزىسى دۇرۇس بولمايدۇ.

مۇپتى شەك كۈنى ئاۋام كىشىلەرنى كۈن تىكلىنىشكە ئاز قالغۇچە روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلماي ساقلاشقا بۇيرۇشى لازىم. ئەگەر نىيەت ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ، رامىزاننىڭ كىرگەنلىكى مۇقىمدالماي قالسا، مۇپتى ئۇلارنى روزا تۇتماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

شەك كۈنى نەپلە نىيىتى بىلەن روزا تۇتۇپ، كېيىن ئۇ كۈننىڭ رامىزانغا تەۋە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشسە، شۇ روزا رامىزانغا ھېساب بولىدۇ، قازاسىنى قىلىش لازىم ئەمەس.

**روز بۇزۇلمايدىغان ئىشلار**

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا روزا بۇزۇلمايدۇ:

1. ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ سالسا؛

2. ئۇنتۇپ قېلىپ ئىچىپ سالسا؛

3. ئۇنتۇپ قېلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىپ سالسا؛

4. بېشىنى ياغلىسا؛

5. سۈرمە تارتسا (گەرچە سۈرمىنىڭ تەمىنى بوغۇزىدا ھېس قىلسىمۇ)؛

6. لوڭقا قويدۇرسا؛

7. بىرەر كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا؛

8. روزىنى بۇزۇشنى نىيەت قىلىپ، بۇزمىغان بولسا؛

9. گېلىغا ئىختىيارسىز چاڭ توزان كىرىپ كەتسە (تۈگمەنىنىڭ توزى بولسىمۇ)؛

10. گېلىغا تۈتۈن كىرىپ كەتسە؛

11. گېلىغا چىۋىن كىرىپ كەتسە؛

12. جۇنۇپ ھالىتىدە تاڭ يورۇپ كەتكەن بولسا. پۈتۈن كۈن جۇنۇپ ھالىتىدە تۇرۇپ قالسىمۇ، روزا بۇزۇلمايدۇ، لېكىن پەرز ناماز ئوقۇشقا توسالغۇ بولغاچقا، بۇنداق قىلىش مەكرۇھ تەھرىيمى بولىدۇ؛

13. دەرياغا چۆمۈلۈپ، قۇلىقىغا سۇ كىرىپ كەتسە؛

14. بۇرنىغا چۈشكەن پوتلىسىنى قەستەن ئىچىگە تارتقان بولسا ياكى يۇتۇۋەتكەن بولسا؛

15. ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئىختىيارسىز قۇسۇپ سالغان بولسا ۋە قۇسۇق ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كەتكەن بولسا؛

16. قەستەن قۇسقان بولسىمۇ، قۇسۇق ئېغىز توشقۇچىلىك بولمىسا ۋە قۇسۇق ئۆزلۈكىدىن قايتىپ

كەتكـەن بولسـا؛

17. چىـش ئارىسـىدىكى نەرسـىنى يېـسە ۋە يېگـەن نەرسـە پۇرچاقتىـن كىچىكـرەك بولسـا؛

18. ئېغىزنىـڭ سىرتىغا چىقىـپ قالغان كۆنجۈتچىلىك نەرسـىنى ئېرىـپ كەتكۈچـە چايناپ، تەمىنـى ھېـس قىلمىغـان بولسـا؛

19. تېرىگـە ياكـى قىـل قـان تومۇرغـا ئۇرۇلغـان ئوكـۇل بىلـەن روزا بۇزۇلمايـدۇ؛

20. قۇلىقىنـى تەمـەچ بىلـەن قاشـلاپ كىـر چىقارسـا، ئاندىـن شـۇ تەمەچنـى قۇلىقىغـا قايتـا ـ قايتـا كىرگۈزسـە.

**روزىنىـڭ قازاسـى بىلـەن بىرگـە كەففـارەت قاچـان ۋاجىـب بولىـدۇ؟**

تۆۋەندىكـى ئەھۋاللاردا روزا بۇزۇلىـدۇ ۋە قازاسـى بىلەن بىرگـە كەففارەت ۋاجىـب بولىدۇ:

1. روزا تۇتقۇچـى كۆڭلـى تارتىدىغان ۋە ئىشتىھاسـىنى قاندۇرىدىغـان بىـرەر نەرسـە يېگـەن بولسـا؛

2. شـەرئەت ئېتىـراپ قىلىدىغـان بىـرەر ئۆزرىسـى بولمـاي تـۇرۇپ دورا يېگـەن بولسـا؛

3. سۇ ياكى ئىچىملىك ئىچكەن بولسا؛

4. جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغان بولسا؛

5. ئېغىزىغا كىرىپ كەتكەن يامغۇرنى يۇتقان بولسا؛

6. بۇغداي دانىسىنى چايناپ يېگەن بولسا؛

7. بۇغداي دانىسىنى چاينىماي يۇتقان بولسا؛

8. كۆنجۈت دانىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىنى ئېغىزىغا سېلىپ، يۇتقان بولسا؛

9. ئازراق تۇز يېگەن بولسا؛

10. تاماكا ياكى چىلىم چەككەن بولسا؛

11. سېغىز يېيىشكە ئادەتلەنگەن كىشى ئۇنى يېگەن بولسا، (ئادەتلەنمىگەن كىشى يېسە، كەففارەت بېرىش لازىم ئەمەس).

**كەففارەت ۋاجىب بولۇشنىڭ شەرتلىرى**

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا كەففارەت ۋاجىب بولىدۇ:

1. رامىزان روزىسىدا يېسە ياكى ئىچسە؛

رامىزان روزىسىدىن باشقا روزىلاردا يېسە ياكى ئىچسە، كەففارەت ۋاجىب بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلغاندا يېسە ياكى ئىچسە، كەففارەت ۋاجىب بولمايدۇ؛

2. قەستەن يېسە ياكى ئىچسە يەنى ئۇنتۇپ قېلىپ يېسە ياكى ئىچسە، كەففارەت ۋاجىب بولمايدۇ؛

3. يېيىش ۋە ئىچىشى خاتالىقتىن بولمىسا يەنى مەسىلەن، تېخى تاڭ يورۇمىدى ياكى قۇياش پېتىپ

بولـدى دېگـەن ئـوي بىلـەن، خاتالىشـىپ يـەپ ياكـى ئىچـىپ سېلىپ، ئاندىـن كۆندۈزگـە تـەۋە ۋاقىتتا يـەپ ياكـى ئىچـىپ قويغانلىقىنـى بىلگـەن بولسـا، ئۇنىڭغـا كەففـارەت ۋاجـب بولمايـدۇ؛

4. يېيـش ياكـى ئىچىشـكە مەجبـۇر بولـۇپ قالغـان بولسـا. نـاۋادا يېيىشـكە ياكـى ئىچىشـكە قىسـتالغان بولسـا، كەففـارەت ۋاجـب بولمايـدۇ؛

5. يېيـش ياكـى ئىچىشـكە مەجبۇرلانمىغـان بولسـا. ئەگـەر يېيـش ياكـى ئىچىشـكە مەجبۇرلانغـان بولسـا، كەففـارەت ۋاجـب بولمايـدۇ.

**كەففارەتنىڭ بايانى**

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان كەففارەت تۆۋەندىكىچە:

1. مۇئمـن بولسـۇن ـ بولمىسـۇن بىـر قـۇل ئـازاد قىلىـش؛

2. ئارىسـىدا ھېيـت كۈنـى بولمىغـان كۈنلـەردە ئارقىمۇئارقـا ئىككـى ئـاي روزا تۇتـۇش؛

3. ئادەتتـە يەيدىغـان نورمـال تامـاق بىلـەن 60 مىسـكىنگە تامـاق بېرىـش.

كەففـارەت يۇقىرىدىكـى تەرتـپ بويىچـە ۋاجـب بولـدۇ يەنـى بىـر قـۇل ئـازاد قىلالمىسـا، ئىككـى ئـاي ئارقىمۇئارقـا روزا تۇتـدۇ؛ ئەگـەر ئۇنىڭغىمـۇ تاقىتـى يەتمىسـە، 60 مىسـكىنگە، ھـەر مىسـكىنگە تولـۇق ئىككـى

ۋاقىت تاماق بېرىدۇ. مىسكىنلەر ئىچىدە ئاتا ـ ئانا، بالىچاقا، خوتۇن قاتارلىق نەپىقىسى زىممىسىگە ۋاجىب بولغان كىشىلەر بولماسلىقى كېرەك.

مىسكىنلەرگە ئاشلىق بەرمەكچى بولسا، ھەربىرىگە يېرىم سا[119] بۇغداي، ئۇن يا ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ قىممىتىنى بېرىشى ياكى بىر سا ئارپا، خورما يا ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ قىممىتىنى بېرىشى كېرەك.

**قاچان كەففارەت ۋاجىب بولماي، قازا ۋاجىب بولىدۇ؟**

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا روزا بۇزۇلۇپ قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، لېكىن كەففارەت ۋاجىب بولمايدۇ:

1. روزا تۇتقۇچى سەپەر، كېسەللىك، ھامىلدارلىق، بالا ئېمىتىش، ھەيز، نىفاس، بىھوشلۇق ۋە ساراڭلىق دېگەندەك شەرئەت ئېتىراپ قىلىدىغان ئۆزرە تۈپەيلى روزىسىنى بۇزغان بولسا؛

2. روزا تۇتقۇچى ئادەتتە يېيىلمەيدىغان ھەم قورساقنىڭ ئاچلىقىغا دال بولالمايدىغان بىرەر نەرسىنى يېگەن بولسا؛ مەسىلەن، شەرئەت ئۆزرە دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان كېسەللىك تۈپەيلى يېگەن دورا، ئۇن، خېمىر، بىرلا قېتىمدا كۆپ تۇز، پاختا، قەغەز، ئۇرۇقچا، سېغىز يېيىش ئادىتى بولمىغان كىشىگە نىسبەتەن سېغىز قاتارلىقلار.

3. روزا تۇتقۇچى ئۇششاق تاش، تۆمۈر، ئالتۇن،

---

[119] بىر سا 3.25 كىلو گىرامغا تەڭ.

كۆمۈش، مىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرەر نەرسىنى يۇتۇپ سالغان بولسا؛

4. يېپىش ياكى ئىچىشكە مەجبۇرلىنىپ يېگەن ياكى ئىچكەن بولسا؛

5. (ئاچلىق ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن) يېيىش ياكى ئىچىشكە قىستىلىپ يېگەن ياكى ئىچكەن بولسا؛

6. روزا تۇتقۇچى تاڭ يورۇمىدى ياكى قۇياش پېتىپ بولدى دېگەن ئوي بىلەن، خاتالىشىپ يەپ سېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تاڭ يورۇپ بولغانلىقى ياكى قۇياشنىڭ تېخىچە پاتمىغانلىقى مەلۇم بولسا؛

7. ئېغىزىغا سۇ ئېلىپ غەرغەرە قىلىشتا ياكى بۇرنىغا سۇ ئېلىشتا ۋايىغا يەتكۈزمەن دەپ سۇنى يۇتۇپ سالغان بولسا؛

8. قەستەن قۇسقان بولسا ھەم قۇسۇق ئېغىز توشقۇچىلىك بولسا؛

9. گېلىغا قار ياكى يامغۇر كىرىپ كېتىپ، ئىختىيارسىز يۇتۇپ سالغان بولسا؛

10. رامىزان روزىسىدىن باشقا روزىلارنى بۇزغان بولسا؛

11. ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن گېلىغا تۈتۈن كىرگۈزگەن بولسا؛

12. چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان تاماقتىن پۇرچاقچىلىك چوڭلۇقتىكى نەرسىنى يۇتۇۋەتكەن بولسا؛

13. ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ سالغاندىن كېيىن قەستەن يېسە؛

14. كېچىدە نىيەت قىلماي، كۈندۈزى نىيەت قىلىپ بولۇپ، يەنە يېگەن بولسا؛

15. سەپەر نىيىتى بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كېيىن مۇقىم تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ يېگەن بولسا؛

16. مۇقىم نىيىتى بىلەن تاڭ ئاتقۇزغاندىن كېيىن، سەپەر قىلىپ يېگەن بولسا؛

17. روزا تۇتۇش نىيىتى يوق، تۇتماسلىق نىيىتىمۇ يوق هالدا، كۈن بويى يېمەي - ئىچمەي يۈرگەن بولسا؛

18. قورسىقى ياكى مېڭىسىدىكى جاراھەتنى داۋالىغاندا دورا قورسىقىغا كىرىپ كەتسە.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەردىن ھەرقانداق بىرى بىلەن روزىسى بۇزۇلغان كىشىگە رامىزان ئېيىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، شۇ كۈنى ئىپتار ۋاقتىغىچە يېمەك - ئىچمەكتىن ئۆزىنى تارتىش ۋاجىب بولىدۇ.

**روزا تۇتقۇچىغا مەكرۇھ بولىدىغان ئىشلار**

روزا تۇتقۇچىغا تۆۋەندىكى ئىشلار مەكرۇھ بولىدۇ. روزىسىغا نۇقسان يېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم:

1. ھاجەتسىز بىرەر نەرسىنى چايناش ياكى تېتىپ بېقىش؛

2. ئېغىزىغا تۈكرۈكىنى يىغىش؛

3. قان ئالدۇرۇش ۋە لوگقا قويدۇرۇش دېگەندەك بەدەن ئاجىزلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار.

**روزا تۇتقۇچىغا مەكرۇھ بولمايدىغان ئىشلار**

روزا تۇتقاندا تۆۋەندىكى ئىشلار مەكرۇھ بولمايدۇ:

1. ساقال - بۇرۇتنى مايلاش؛

2. سۈرمە تارتىش؛

3. سالقىنداش ئۈچۈن يۇيۇنۇش؛

4. سالقىنداش ئۈچۈن ھۆل كىيىمگە ئورىنىش؛

5. تاھارەت ئالمىسىمۇ ئېغىزنى چايقاش ياكى بۇرنىغا سۇ ئېلىش؛

6. كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدا مىسۋاك قىلىش. كەچ تەرەپلەردە مىسۋاك قىلىش ئەتىگەندە مىسۋاك قىلىشقا ئوخشاش سۈننەتتۇر.

**روزا تۇتقۇچىغا مۇستەھەب بولىدىغان ئىشلار**

روزا تۇتقۇچىغا تۆۋەندىكى ئىشلار مۇستەھەب بولىدۇ:

1. سوھۇرلۇق يېيىش؛

2. سوھۇرلۇقنى (ئاخىرقى ۋاقىتقا قەدەر) كېچىكتۈرۈش؛ شەكلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن، تاڭ يورۇشتىن بىرقانچە مىنۇت بۇرۇن يېيىش - ئىچىشتىن توختاش ئەۋزەل.

3. كۈن پاتقانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئىپتار قىلىشقا ئالدىراش؛

4. ئىبادەتنى تاھارەت بىلەن ئادا قىلىش ئۈچۈن، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن جۇنۇپلۇقتىن غۇسۇل قىلىش؛

5. تىلىنى يالغانچىلىق، غەيۋەت، چېقىمچىلىق ۋە تىللىشىشتىن ساقلاش؛

6. رامىزاننى پۇرسەت بىلىپ قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى ۋە سۈننەتتە بايان قىلىنغان زىكىرلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش؛

7. ئەرزىمەس ئىشلارنى دەپ ئاچچىقلانماسلىق، جېدەللەشمەسلىك؛

8. ھالال بولغان تەقدىردىمۇ، نەپسىنىڭ شەھۋىتىنى كونترول قىلىش.

**روزا تۇتماسلىقنى مۇباھ قىلىدىغان ئۆزرىلەر**

ئىسلام ئىنسان تەبىئىتىگە مۇناسىپ دىندۇر، ئىنساننى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە ئىنتايىن مېھرىباندۇر. شۇڭا، مۇسۇلمانلارغا روزا تۇتۇش سەۋەبلىك مۇشەققەت ياكى زەرەر يېتىپ قالىدىغان بولسا، روزىسىنى بۇزۇۋېتىپ، باشقا كۈنلەردە تۇتۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى كىشىلەرنىڭ روزا تۇتماسلىقى جائىز:

1. روزا تۇتۇش بىرەر زەرەر ئېلىپ كېلىدىغان ياكى كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قېلىشىدىن ياكى ساقىيىشى كېچىكىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغان كېسەل؛

2. نامازنى قەسىر قىلىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن سەپەرگە چىققان يولۇچى؛

3. قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ياكى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن بىرەر نەرسە يېمىسە ياكى ئىچمىسە، ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن كىشى؛

4. روزا تۇتۇش ئۆزىگە ياكى بالىسىغا زەرەر ئېلىپ كېلىدىغان ھامىلىدار ئايال؛

5. روزا تۇتۇش ئۆزىگە ياكى ئېمىتىۋاتقان بالىسىغا زەرەر ئېلىپ كېلىدىغان بالا ئېمىتكۈچى ئايال؛

6. ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئاياللارغىمۇ روزا تۇتماسلىق

ۋاجىب بولىدۇ، (تۇتسىمۇ) روزىسى دۇرۇس بولمايدۇ؛

7. روزا تۇتۇشقا تاقىتى يەتمەيدىغان دەرىجىدە ياشىنىپ قالغان كىشى. بەك ياشىنىپ كەتكەن كىشى تۇتالمىغان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ، ئەمما فىدىيە بېرىشى ۋاجىب؛

8. نەپلە روزا تۇتقان كىشىنىڭ روزىسىنى ئۆزرىسىز بۇزۇۋېتىشى جائىز. (ئەمما) ئۇ كۈنىنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كۈندە قازاسىنى قىلىش ۋاجىب؛

9. دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كىشىنىڭ روزىسىنى بۇزۇشى جائىز.

زىممىسىدە قازا روزا بولغان كىشى قازاسىنى قىلىشقا ئالدىرىشى مۇستەھەب، شۇنداقتىمۇ كېچىكتۈرۈشى جائىز. تۇتالمىغان روزىلارنىڭ قازاسىنى قىلغاندا، ئارقىمۇئارقا ياكى ئايرىلاپ تۇتسىمۇ بولىدۇ.

روزىنىڭ قازاسىنى كېيىنكى يىلدىكى رامىزانغىچە كېچىكتۈرگەن كىشى رامىزان روزىسىنى قازا روزىدىن بۇرۇن تۇتىدۇ.

كېچىكتۈرگەنلىك تۈپەيلى پىدىيە بېرىش ۋاجىب بولمايدۇ.

**نەزىرگە ۋاپا قىلىش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«كىمكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا نەزىر[120] قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن؛ كىمكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا نەزىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمىسۇن» دەيدۇ**[121].

تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت جەملەشكەندە نەزىرگە ۋاپا قىلىش ۋاجىب:

1. نەزىر قىلىنغان ئىشمۇ ئەسلىدە ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش ۋاجىب (ياكى پەرز) بولغان بولۇش؛

2. نەزىر قىلىنغان ئىش بىۋاستە مەقسەت بولۇش؛

3. نەزىر قىلىنغان ئىش نەزىر قىلىشتىن بۇرۇنمۇ ۋاجىب بولغان ئىش بولماسلىق.

قۇل ئازاد قىلىش، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، پەرز بولمىغان نامازلارنى ئوقۇش ۋە پەرز بولمىغان روزىنى تۇتۇش قاتارلىق ئىشلارغا نەزىر قىلىش دۇرۇس.

تاھارەت ئېلىشقا نەزىر قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى تاھارەت بىۋاستە مەقسەت قىلىنغان ئىبادەت ئەمەس.

تىلاۋەت سەجدىسىگە نەزىر قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ نەزىر قىلىشتىن بۇرۇنمۇ ۋاجىب ئىدى.

---

[120] ئاللاھ ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىش قىلىشقا ئەھدە قىلىش.

[121] سەھىيھۇلبۇخارىي، 6696 - ھەدىس.

كېسەل يوقلاشقا نەزىر قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى كېسەل يوقلاشنىڭ ھەرقانداقى ۋاجىب ئەمەس.

ئەگەر ئىككى ھېيتتا ياكى تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا نەزىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭ نەزرىسى دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما، بۇ كۈنلەردە روزا تۇتۇش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، روزا تۇتماي، كېيىن قازاسىنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

# ئېتىكاپ

«ئېتىكاپ» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى «بىر نەرسە ئۈستىدە مۇقىم تۇرۇش، ئۇنىڭدىن ئايرىلماسلىق» دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

شەرىئەت ئاتالغۇسىدا «بەش ۋاقىت ناماز جامائەت بولۇپ ئوقۇلىدىغان مەسچىتتە ئىبادەت نىيىتى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىش ئۈچۈن ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش» دېمەكتۇر.

## ئېتىكاپنىڭ يولغا قويۇلۇشى

ئېتىكاپنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ دەلىلى ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**سىلەر مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار**﴾[122].

ھەدىستىكى دەلىلى ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستۇر: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئېتىكاپتا ئولتۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرى ئېتىكاپتا ئولتۇردى**»[123].

---

[122] سۈرە بەقەرە، 187 - ئايەت.

[123] سەھىھ مۇسلىم، 1172.- ھەدىس.

## ئىتىكاپنىڭ تۈرلىرى

ئىتىكاپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ۋاجىب ئىتىكاپ: بۇ نەزىر قىلىنغان ئىتىكاپ بولۇپ، ئىتىكاپتا ئولتۇرۇشقا نەزىر قىلغان كىشىگە ئىتىكاپتا ئولتۇرۇش ۋاجىب.

2. رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى بەزىلەر قىلسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدىغان، تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىتىكاپ.

3. مۇستەھەب ئىتىكاپ: بۇ (يۇقىرىدىكى) نەزىر قىلىنغان ۋە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدىكى ئىتىكاپتىن باشقا ئىتىكاپتۇر.

## ئىتىكاپنىڭ مۇددىتى

ئىتىكاپنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ مۇددىتىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ۋاجىب ئىتىكاپنىڭ مۇددىتى نەزىر قىلغاندا بېكىتىلگەن ۋاقىتتۇر.

سۈننەت ئىتىكاپنىڭ مۇددىتى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدۇر.

نەپلە ئىتىكاپنىڭ ئەڭ ئاز مۇددىتى ئازغىنا ۋاقىتتۇر، كۆپ ۋاقتىنىڭ چېكى يوق.

ئىتىكاپتا ئولتۇرۇش پەقەت جامائەت بىلەن ناماز

ئوقۇلىدىغان مەسچىتتە دۇرۇس. بۇنىداق مەسچىت ئىمام ۋە مۇئەززىنى بار مەسچىتتۇر.

ئايال كىشى ئۆز ئۆيىدىكى نامازگاھتا يەنى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىغان ئورۇندا ئېتىكاپتا ئولتۇرىدۇ.

نەزىر قىلىنغان ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئۈچۈن روزا تۇتۇش شەرت. روزا تۇتماستىن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئېتىكاپنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن روزا تۇتۇش شەرت قىلىنمايدۇ.

**ئېتىكاپنى بۇزىدىغان ئامىللار**

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا ئېتىكاپ بۇزۇلىدۇ:

1. ئۆزرىسىز مەسچىتتىن چىقىش بىلەن؛

2. ھەيز ۋە نىفاسنىڭ كېلىشى بىلەن؛

3. جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش، سۆيۈش ياكى شەھۋەت بىلەن سىلاشقا ئوخشاش شەھۋەتنى قوزغايدىغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن.

**مەسچىتتىن چىقىشنى مۇباھ قىلىدىغان ئۆزرىلەر**

مەسچىتتىن چىقىشنى مۇباھ قىلىدىغان ئۆزرىلەر ئۈچتۇر:

1. چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلىش، غۇسلى قىلىش

دىگەنـدەك تەبىئىي ئۆزرىلـەر؛ ئىپتىكاپتـا ئولتۇرغۇچـى جۇنۇپلۇقتـن غۇسلى قىلىش ۋە چوڭ ـ كىچىك تاھارەت قىلىش ئۈچۈن، مەسچىتنىڭ سىرتىدا ھاجەتتىن زىيادە تۇرۇپ قالماسلىق شەرتى بىلەن چىقسا بولىدۇ.

2. ئىپتىكاپتـا تۇرۇۋاتقـان مەسـچىتتە جۈمە نامىزى ئوقۇلمايدىغان بولسا، جۈمە نامىزى ئوقۇش دېگەندەك شەرئىي ئۆزرىلەر؛

3. مەسچىتتە تۇرۇپ قالسا ئۆز ھاياتىدىن ياكى مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەشكە ئوخشىغان زۆرۈرىيەت تېپىدىكى ئۆزرىلەر.

مەسـچىت يىقىلىپ كەتسە، ئىپتىكاپتا ئولتۇرغۇچـى دەرھال باشقا مەسچىتكە بېرىش شەرتى بىلەن، ئىپتىكاپتا ئولتۇرۇشنى نىيەت قىلغان ھالدا مەسچىتتىن چىقسا بولىدۇ.

ئىپتىكاپتـا ئولتۇرغۇچى مەسچىتتە يېسە، ئىچسە ۋە بىرقىسىم لازىمەتلىكلەرنى مەسچىتكە ئەكىرمەي ئېلىپ ساتسا بولىدۇ.

**ئىپتىكاپتا ئولتۇرغۇچىغا نېمىلەر مەكرۇھ بولىدۇ؟**

1. سېتىلىدىغان نەرسىلەرنى مەسچىتكە ئەكەلسۇن ياكى ئەكەلمىسۇن، ئىپتىكاپتا ئولتۇرغۇچىنىڭ مەسچىتتە تاپاۋەت ئۈچۈن سودا قىلىشى مەكرۇھ؛

2. ئىپتىكاپتا ئولتۇرغۇچىنىڭ ئۆزى ياكى بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، مەسچىتكە

نەرسە ـ كېرەك ئەكېلىپ سېتىشى مەكرۇھ؛

3. جىم تۇرۇشنى قۇربەت (ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش) دەپ قارىغان بولسا، جىم تۇرۇش مەكرۇھ؛ ئەمما ئۇنداق قارىمىسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.

**ئېتىكاپنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرى**

ئېتىكاپتا تۆۋەندىكى ئىشلار مۇستەھەب بولىدۇ:

1. گەپ ـ سۆز قىلماسلىق، قىلسا ياخشى گەپ قىلىش:

2. ئېتىكاپ ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل مەسچىتنى تاللاش؛ مەككىدە تۇرغان كىشىگە نىسبەتەن ئەڭ ئەۋزەل مەسچىت ھەرەم مەسچىتى، مەدىنىدە تۇرغان كىشىگە نىسبەتەن ئەڭ ئەۋزەل مەسچىت پەيغەمبەر مەسچىتى، قۇدۇستا تۇرغان كىشىگە نىسبەتەن ئەڭ ئەۋزەل مەسچىت ئەقسا مەسچىتى، ئۇنىڭدىن قالسا جۈمە ئوقۇلىدىغان مەسچىتتۇر.

3. قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ۋە سۈننەتتە بايان قىلىنغان زىكىر ـ تەسبىھلەر بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش بىلەن ۋە دىنىي كىتابلارنى مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇش.

# پىتىر سەدىقىسى

پىتىر سەدىقىسى مۇسۇلمان كىشى روزا تۇتۇش جەريانىدا قىلىپ سالغان بىھۇدە گەپ، قەبىھ سۆز قاتارلىق نۇقسانلارنى تولۇقلاش ۋە نەپسىنى پاكلاش ئۈچۈن، روزا ھېيت كۈنى موھتاجلارغا بېرىدىغان مۇئەييەن مىقداردىكى پۇل - مالنى كۆرسىتىدۇ.

## پىتىر سەدىقىسىنىڭ ھۆكمى

پىتىر سەدىقىسى مۇكەللەپ بولغان ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىب بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ئۇنى ئۆزى، ئائىلىسى ۋە ئىگىدارچىلىقىدىكى كىشىلەر نامىدىن بېرىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىتىر سەدىقىسىنى روزا تۇتقۇچىلارنىڭ قىلىپ سالغان بىھۇدە ۋە يامان سۆزلىرىدىن پاكلىنىشى، يوقسۇللارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئېھتىياجىنىڭ قامدىلىشى ئۈچۈن پەرز قىلدى»**[124].

## پىتىر سەدىقىسى كىملەرگە ۋاجىب؟

پىتىر سەدىقىسى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت تېپىلغان كىشىگە ۋاجىبتۇر:

---

[124] ئەبۇ داۋۇد، 1609 - ھەدىس.

1. مۇسۇلمان بولۇش؛ كاپىرغا ۋاجىب بولمايدۇ.

2. ھۆر بولۇش؛ قۇلغا ۋاجىب بولمايدۇ.

3. قەرزدىن، زۆرۈر ھاجەتلىرىدىن ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقان نىسابقا[125] ئىگە بولۇش. قەرزدىن ۋە ئەسلىي ھاجەتلىرىدىن ئاشقان نىسابقا ئىگە بولمىغان كىشىگە پىتىر سەدىقىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

تۆۋەندىكىلەر ئەسلىي ھاجەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ:

1. تۇرالغۇ ئۆي؛

2. ئائىلە جابدۇقلىرى؛

3. كىيىم - كېچەك؛

4. مىنىدىغان ئۇلاغ؛

5. تىرىكچىلىك قىلىشتا قوللىنىدىغان سايمانلار.

پىتىر سەدىقىسىنىڭ ۋاجىب بولۇشى ئۈچۈن نىسابقا يېتىپ، تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى روزا ھېيت كۈنى تاڭ يورۇغاندا نىسابقا ئىگە بولۇشى شەرت.

شۇنىڭدەك پىتىر سەدىقىسىنىڭ ۋاجىب بولۇشى ئۈچۈن، بالاغەتكە يەتكەن بولۇش ياكى ئەقلى - ھوشى نورمال بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ، بەلكى مال

[125] نىساب پۇل - مالنىڭ زاكات ئۆلچىمى. مەسىلەن، ئالتۇننىڭ نىسابى 20 مىسقال، بۇ 85 گرام ئالتۇنغا باراۋەر. كۈمۈشنىڭ نىسابى200 دىرھەم، يەنى 595 گرامغا تەڭ. ھەر تۈرلۈك مۈلۈكنىڭ پەرقلىق نىسابى بار.

نسابقا يەتكەنلا بولسا، پىتىر سەدىقىسى نارەسىدىنىڭ ۋە ساراڭنىڭ ماللىرىدىنمۇ ئايرىلىدۇ.

## پىتىر سەدىقىسى قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟

پىتىر سەدىقىسى روزا ھېيت كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەن ۋاجىب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى پېقىر بولۇپ قالغان كىشىگە پىتىر سەدىقىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

تاڭ يورۇپ بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بوۋاق ياكى مۇسۇلمان بولغان ياكى بايغا ئايلانغان كىشىگىمۇ پىتىر سەدىقىسى ۋاجىب بولمايدۇ.

پىتىر سەدىقىسىنى (شۇ ۋاقىتتىن) بۇرۇن ۋە كېيىن بېرىش جائىز. لېكىن، ئۇنى (ھېيت نامىزى) نامازگاھقا چىقىشتىن بۇرۇن قولدىن چىقىرىۋېتىش مۇستەھەب.

پىتىر سەدىقىسىنى رامىزان ئىچىدە ئادا قىلىسىمۇ جائىز، بەلكى ئەۋزەلدۇر، چۈنكى (بۇنداق بولغاندا) پېقىرلار ھېيت كۈنى ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن كىيىم - كېچەك ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلىيالايدۇ.

پىتىر سەدىقىسىنى ئۆزرىسىز ھېيت نامىزىدىن كېچىكتۈرۈش مەكرۇھ.

## پىتىر سەدىقىسىنى كىملەر بېرىدۇ؟

پىتىر سەدىقىسىنى بىراۋنىڭ ئۆزى ۋە پېقىر كىچىك باللىرى نامىدىن بېرىشى ۋاجىب. ئەگەر باللار باي

بولسا، ئۆلارنىڭ مۈلكىدىن بېرىدۇ.

ئەر كىشىگە ئايالىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بېرىشى ۋاجىب بولمايدۇ، لېكىن ئېھسان يۈزىسىدىن بەرسە جائىز.

چوڭ ۋە پېقىر بالىلىرىنىڭ ئەقلى - ھوشى نورمال بولسا، ئۇلارنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بېرىش دادىسىغا ۋاجىب بولمايدۇ. پەقەت ئېھسان يۈزىسىدىن بەرسە جائىز.

نامرات چوڭ بالىلىرىنىڭ ئەقلى - ھوشى نورمال بولمىسا، ئۇلارنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بېرىش دادىسىغا ۋاجىب بولىدۇ.

**پىتىر سەدىقىسىنىڭ مىقدارى**

پىتىر سەدىقىسىنىڭ نېمىدىن بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۈچ-ۈق دەلىل كەلگەن نەرسىلەر تۆتتۇر:

1. بۇغداي؛
2. ئارپا؛
3. خورما؛
4. قۇرۇق ئۈزۈم.

پىتىر سەدىقىسى بۇغداي، بۇغداي ئۇنى، بۇغداي تالقىنى، ئارپا، خورما، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ بىرىدىن كىشى بېشىغا بىر سادىن[126] بېرىلىدۇ.

---

[126] بىر سا 3،25 كىلو گىرامغا تەڭ.

پىتىر سەدىقىسىنى باشقا دانلىق زىرائەتلەردىن بەرسىمۇ جائىز. (لېكىن) يېرىم سا بۇغداي ياكى بىر سا ئارپىنىڭ قىممىتىگە توغرا كېلىدىغان مىقداردا بېرىشى لازىم.

پىتىر سەدىقىسىنىڭ قىممىتىنى نەق پۇل شەكلىدە بېرىشكىمۇ بولىدۇ، بەلكى ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، بۇنداق قىلىش پېقىرلارغا پايدىلىقراق.

بىر كىشىلىك پىتىر سەدىقىسىنى بىرقانچە مىسكىنگە بېرىشمۇ، كۆپ كىشىنىڭ پىتىر سەدىقىسىنى بىر مىسكىنگە بېرىشمۇ جائىز.

## پىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغان ئورۇنلار

پىتىر سەدىقىسى بېرىلىدىغان ئورۇنلار قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن زاكات بېرىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئۆزىدۇر: ﴿**زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾[127].

بۇ مەزمۇنلار ئاللاھ خالىسا «زاكات بېرىلىدىغان ئورۇنلار» ناملىق بۆلۈمدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

---

[127] سۈرە تەۋبە، 60 - ئايەت.

# بەشنچی باب

# زاکاتنك بایانی

# زاكاتنىڭ بايانى

زاكاتنىڭ سۆزلۈك مەنىسى «ئۆسۈش، كۆپىيىش» دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «پاكلاش» مەنىسىمۇ بار بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى شۇ مەنىدە قوللىنىلغان: ﴿**نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ**﴾[128].

زاكات شەرىئەت ئاتالغۇدا «ئاللاھ تائالا بايلارغا ھەر يىلى بېرىشنى پەرز قىلغان، پېقىرلارغا بېرىلىدىغان مۇئەييەن مىقداردىكى پۇل - مال»نى كۆرسىتىدۇ.

فىقھ ئاتالغۇدا زاكات مەلۇم مىقداردىكى مال - مۈلۈكنى مۇئەييەن شەرتلەر ئاستىدا، تېگىشلىك كىشىلەرگە مۈلۈك قىلىپ بېرىشتۇر.

## زاكاتنىڭ ھۆكمى ۋە دەلىلى

زاكات ئىسلامنىڭ مۇھىم ئەركانلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق نامراتلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ، بايلار بىلەن نامراتلار ئارىسىدا مۇستەھكەم دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق رىشتىسى ئورنىتىلىدۇ. زاكات ھەققىدە مەزمۇنى روشەن، ئىشەنچلىك دەلىللەر بار بولۇپ، بۇ، ئىنكار قىلغانلار كاپىر بولۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە ئېنىق دەلىللەنگەن مۇھىم ئىبادەتلەردىن بىرىدۇر.

---

[128] سۈرە شەمس، 9 - ئايەت.

زاكاتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿(پەرز) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل - مال سەرپ قىلىڭلار)، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن (دۇنيادا) قايسىبىر ياخشى ئىشنى قىلساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ كاتتا ساۋابقا ئېرىشىسىلەر. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[129].

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). ئەمدى يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار، دېيىلىدۇ﴾[130].

زاكاتنىڭ پەرزلىكىنىڭ ھەدىستىن دەلىلى مۇنۇ ھەدىستۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

---

[129] سۈرە مۇززەممىل، 20 - ئايەت.

[130] سۈرە تەۋبە، 33 – 34 ئايەتلەر.

«كىمكى ئاللاھ ئاتا قىلغان پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، ئۇنىڭ پۇل - مېلى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئىككى جاۋغىيىدا كۆپۈك ئۆرلەپ تۇرغان چوڭ بىر تاز يىلاننىڭ شەكلىگە كىرىپ، ئۇنى چىرمىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىككى قوۋۇزىنى قاماللاپ تۇرۇپ: ‹مەن سېنىڭ پۇل - مېلىڭ، مەن سېنىڭ يىغقان دەپىنە - دۇنيايىڭ› دەيدۇ» دېگەندىن كېيىن، مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿**ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن ئۇلارغا بەرگەننى سەرپ قىلماي، بېخىللىق قىلىدىغانلار ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. ئەكسىچە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر، ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بويىنىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر، قىلىدىغان بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن ئاللاھ خەۋەرداردۇر**﴾(سۈرە ئال ئىمران، 180 - ئايەت) [131].

## زاكاتنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى

زاكات تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغاندىلا پەرز بولىدۇ:

1. مۇسۇلمان بولۇش. كاپىرغا زاكات پەرز بولمايدۇ، مەيلى ئۇ بۇرۇندىن كاپىر بولسۇن ياكى ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسۇن ئوخشاش؛

2. ھۆر بولۇش. قۇلغا زاكات پەرز بولمايدۇ؛

---

[131] سەھىيھۇلبۇخارىي، 1403 - ھەدىس.

3. ئەقلى ـ ھوشى نورمال بولۇش. ساراڭغا زاكات پەرز بولمايدۇ؛

4. مالغا تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلغان بولۇش يەنى مال قولىدا بولۇش. بىرەر نەرسىگە ئىگە بولۇپ، تېخى قولىغا ئالمىغان بولسا، ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىش پەرز بولمايدۇ. مەسىلەن، ئايال كىشىنىڭ قولىغا ئالمىغان تويلۇقىغا تاكى قولىغا ئالغانغا قەدەر زاكات كەلمەيدۇ. باشقىلارنىڭ مېلىنى ساقلاپ تۇرغان قەرزدارغا ئوخشاش قولىدا بولسىمۇ ئۆز مۈلكىگە ئايلانمىغان مالغا زاكات كەلمەيدۇ؛

5. قول ـ ئىلكىدىكى پۇل ـ مالنىڭ نىسابقا يەتكەن بولۇشى. نىسابقا يەتمىگەن مال ـ مۈلۈككە زاكات پەرز بولمايدۇ. زاكىتى بېرىلىدىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ تۈرىگە قاراپ نىسابمۇ پەرقلىق بولىدۇ؛

6. مال ـ مۈلكى ئەسلىي ھاجىتىدىن ئاشقان بولۇش. تۇرالغۇ ئۆي، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي جابدۇقلىرى، مىنىدىغان ئات ـ ئۇلاغلار، ئىشلىتىدىغان قورال ـ ياراغلار، ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان سايمان ۋە ئۈسكۈنىلەر، تاپاۋەت مەقسەت قىلىنمىغان ئىلىم كىتابلىرى قاتارلىقلارغا زاكات پەرز بولمايدۇ، چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئەسلىي ھاجەتلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ؛

7. مال ـ مۈلۈكنىڭ قەرزدىن خالىي بولۇشى. نىسابنى يۇتۇپ كەتكۈدەك ياكى كېمەيتىۋەتكۈدەك

قەرزى بار كىشىگە زاكات پەرز بولمايدۇ؛

8. مال ـ مۈلۈكنىڭ كۆپىيىدىغان بولۇشى. مال ـ مۈلۈك ۋە چارۋا ـ ماللارغا ئوخشاش ئەمەلىيەتتە كۆپىيىدىغان بولسۇن ياكى ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش مۆلچەردە كۆپىيىدىغان بولسۇن ئوخشاش. ئالتۇن بىلەن كۈمۈش سوقۇلغان بولسۇن ـ بولمىسۇن، زىبۇزىننەت شەكلىدە بولسۇن ياكى قاچا ـ قۇچا شەكلىدە بولسۇن، كۆپىيىدۇ دەپ قارىلىپ زاكات پەرز بولىدۇ. ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ياقۇت، زەبەرجەد دېگەندەك جاۋاھىراتلاردا تىجارەت ئۈچۈن بولمىسا، زاكات پەرز بولمايدۇ.

**زاكات بېرىش قاچان ۋاجىب بولىدۇ؟**

زاكات بېرىشنىڭ ۋاجىب بولۇشى ئۈچۈن قەمەرىيە يىلنامىسى بويىچە نىسابقا بىر يىل توشقان بولۇشى شەرت.

بۇنىڭدىن نىساب يىل ئەسناسىدا كېمىيىپ كەتسىمۇ، يىلنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا تولۇق بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، نىساب يىلنىڭ بېشىدا تولۇق بولۇپ، يىل ئەسناسىدا كېمىيىپ، يەنە يىل ئاخىرىدا تولۇقلانسا، زاكات پەرز بولۇۋېرىدۇ.

يىل بېشىدا نىسابقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، يىل ئەسناسىدا پايدا ئالغان بولسا، پايدا ئەسلى مالغا قوشۇلۇپ، ئومۇمىسىغا زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ.

ئەسلىي مالغا قوشۇلغان مال تىجارەت بىلەن پايدا ئېلىپ قوشۇلغان بولسۇن ياكى بىراۋنىڭ بېرىشى بىلەن، مىراس يولى بىلەن ياكى باشقا يوللار بىلەن قوشۇلغان بولسۇن، ئوخشاشلا ھەممىسىگە زاكات پەرز بولىدۇ.

**زاكات قاچان ئادا قىلىنىدۇ؟**

زاكات پېقىرنىڭ قولىغا ياكى زاكاتقا لايىق بولغانلارغا تارقىتىشقا مەسئۇل بولغانلارنىڭ قولىغا پۇل ـ مالنى تۇتقۇزغان چاغدا ياكى مال ـ مۈلكىدىن زاكات قىسمىنى ئايرىغان چاغدا زاكات بېرىشنى نىيەت قىلسا، ئاندىن ئادا قىلىنغان بولىدۇ.

بىرەر پېقىرغا ھېچقانداق نىيەت قىلمايلا پۇل ـ مال تۇتقۇزۇپ، ئاندىن زاكاتنى نىيەت قىلسا، مەزكۇر پۇل ـ مال پېقىرنىڭ قولىدا مەۋجۇت بولۇش شەرتى بىلەن جائىز.

زاكاتنىڭ ئادا بولۇشى ئۈچۈن، پېقىرنىڭ قولىغا ئالغان پۇل ـ مالنىڭ زاكات ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت ئەمەس.

پېقىرغا پۇل ـ مال بېرىپ، بۇ ھەدىيە ياكى قەرز دەپ قويۇپ زاكاتنى نىيەت قىلسىمۇ، زاكات ئادا بولىدۇ.

زاكات نىيىتىنى قىلمايلا، پۇل ـ مالنىڭ ھەممىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن بولسا، زاكات ساقىت بولىدۇ.

بىرقىسىم پۇل ـ مىلى يىل توشۇپ بولغاندىن

كېيىن زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، زىيان قانچىلىك بولسا، زاكاتمۇ شۇ نىسبەت بويىچە ساقىت بولىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشىنىڭ 1000 دوللار پۇلىغا 25 دوللار زاكات كېلىدۇ، لېكىن يىل توشۇپ بولغاندىن كېيىن 200 دوللار كېمىيىپ كەتكەن بولسا، زاكاتتىن بەش دوللار ساقىت بولىدۇ.

بىر كىشىنىڭ باشقا بىر پېقىردا قەرزى بولۇپ، ئۇنى زاكات نىيىتى بىلەن قەرزدىن خالاس قىلىپ قويغان بولسا، زاكات ئادا بولمايدۇ، چۈنكى (بۇ يەردە قەرزدارنى مالغا) ئىگە قىلىش مەۋجۇت ئەمەس. بىرىنى مالغا ئىگە قىلماستىن زاكات ئادا بولمايدۇ.

**ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قەغەز پۇلنىڭ زاكىتى**

ئالتۇن ـ كۈمۈش نىسابقا يەتسە، زاكات ۋاجىب بولىدۇ.

ئالتۇندىكى زاكاتنىڭ نىسابى 20 مىسقال[132].

كۈمۈشتىكى زاكاتنىڭ نىسابى 200 دىرھەم.

قەغەز پۇلنىڭ مىقدارى 85 گرام ئالتۇن ئالغۇدەك مىقدارغا يەتكەندە، يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنت زاكات كېلىدۇ. شۇنداق بولغاندا 1000 دوللارغا 25 دوللار زاكات كېلىدۇ.

[132] ئالتۇننىڭ نىسابى 20 مىسقال، بۇ 85 گرام ئالتۇنغا باراۋەر. كۈمۈشنىڭ نىسابى200 دىرھەم، يەنى 595 گرامغا تەڭ.

ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن نىسابقا ئىگە بولغان كىشى ھەربىرىدىن زاكات ئۈچۈن قىرىقتىن بىرىنى (1\40) بېرىدۇ. مەسىلەن، 20 مىسقال ئالتۇنغا يېرىم مىسقال، 200 تەڭگە كۈمۈشتىن بەش تەڭگە بېرىدۇ.

ئارىلاشما ئالتۇندا ساپ ئالتۇننىڭ نىسبىتى كۆپ بولسا، ھەممىسى ساپ ئالتۇننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

ئارىلاشما كۈمۈشتىمۇ ساپ كۈمۈشنىڭ نىسبىتى كۆپ بولسا، ھەممىسى ساپ كۈمۈشنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

ئەمما ساختىلىق نىسبىتى كۆپ بولسا، ساختا ئالتۇن ۋە ساختا كۈمۈش تاۋارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد رەھىمەھۇمەللاھ مۇنداق دەيدۇ: نىسابتىن ئاشقان مۈلۈك نىسابقا يەتسۇن - يەتمىسۇن، ئاشقان قىسمىنىڭ ھەممىسىدە 40/1 زاكات بېرىش ۋاجىب. يەتتۋا مۇشۇ ئىككىسىنىڭ سۆزى بويىچە بېرىلىدۇ.

نىسابقا ئىگە بولغۇچى خالىسا ئالتۇننىڭ زاكىتىدا بىر پارچە ئالتۇننى، كۈمۈشنىڭ زاكىتىدا بىر پارچە كۈمۈشنى بەرسە بولىدۇ؛ خالىسا قىممىتىنى ھېسابلاپ، ئۆز دۆلىتىدە قوللىنىلىۋاتقان پۇلدىن بەرسىمۇ بولىدۇ؛ خالىسا تاۋار مال ياكى ئاشلىق بەرسىمۇ بولىدۇ.

## تىجارەت ماللىرىنىڭ زاكىتى

ئالتۇن، كۈمۈش ۋە چارۋا ـ ماللاردىن باشقا (زاكات كېلىدىغان نەرسىلەر) تىجارەت ماللىرىدۇر. تىجارەت ماللىرىغا تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن زاكات پەرز بولىدۇ:

1. ماللاردا تىجارەت نىيىتى بولۇش؛

2. تىجارەت ماللىرىنىڭ قىممىتى ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ نىسابىغا يەتكەن بولۇش.

مۇسۇلمان تىجارەتچى قول ـ ئىلكىدىكى پۈتۈن تىجارەت ماللىرىنى يىل توشقاندا ھېسابلاپ چىقىپ، قىممىتى بازار باھاسى بويىچە زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا، زاكىتىنى ئادا قىلىدۇ، ئۇنىڭ قىرىقتىن بىرىنى بېرىدۇ، ئەگەر نىسابقا يەتمىگەن بولسا، زاكات بەرمىسىمۇ بولىدۇ.

تىجارەت ماللىرىنى باھالاش تىجارەتچى ياشىغان دۆلەتتە قوللىنىلىۋاتقان پۇل بىرلىكى ئاساسىدا بولىدۇ.

دۇكاندا تىجارەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە ۋە سايمانلار باھالىنىدىغانماللار قاتارىغا كىرمەيدۇ.

كىشىنىڭ يەر ـ زېمىن ياكى چارۋا ـ ماللىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تىجارەتنى نىيەت قىلغان بولسا، زاكات بېرىش يىلى ئەمەلىي تىجارەت باشلىغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

**قەرزنىڭ زاكىتى**

قەرز زاكىتىنى ئادا قىلىشقا نىسبەتەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. كۈچلۈك قەرز؛

2. ئوتتۇرا هال قەرز؛

3. ئاجىز قەرز.

**كۈچلۈك قەرز:** قەرزدار گەرچە يوقسۇل بولسىمۇ قەرزنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولسا، تىجارەت تاۋارلىرىنىڭ بەدىلى ۋە قەرزنىڭ بەدىلى «كۈچلۈك قەرز» دېيىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، قەرزدار تېنىۋالغان بولسىمۇ، قەرز بەرگۈچى قەرزدار ئۈستىدىن ئىسپات تۇرغۇزالايدىغان بولسا، بۇنداق قەرزمۇ «كۈچلۈك قەرز» هېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قەرز كۈچلۈك بولسا، قەرز بەرگۈچىگە قەرزداردىن ئالغان هەر 40 تەڭگىگە بىر تەڭگە زاكات بېرىشى پەرز بولىدۇ.

كۈچلۈك قەرزدە يىلنىڭ ئايلىنىشى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئەمەس، نىسابقا ئىگە بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ هېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئۆتكەنكى يىللارنىڭمۇ زاكىتىنى بېرىش پەرز بولىدۇ، لېكىن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئادا قىلىش لازىم.

**ئوتتۇرا ھال قەرز:** ئوتتۇرا ھال قەرز تىجارەت مۇئامىلىسىدىن كېلىپ چىققان قەرز ئەمەس، بەلكى تۇرالغۇ ئۆي، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق ئەسلىي ھاجەتلەردىن بىر نەرسىنى ساتقان ۋە سېتىۋالغۇچىنىڭ زىممىسىدە قالغان قەرزدۇر.

ئوتتۇرا ھال قەرزدە قەرز بەرگۈچى تولۇق نىسابقا يەتكۈدەك مالنى قولىغا ئالغاندىلا زاكات بېرىش پەرز بولىدۇ. مەسىلەن، بىراۋنىڭ زىممىسىدە 1000 تەڭگە قەرز بولۇپ، قەرز بەرگۈچى ئۇنىڭدىن 200 تەڭگىنى قايتۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇنىڭدىن بەش تەڭگىنى زاكاتقا بېرىشى پەرز بولىدۇ.

ئوتتۇرا ھال قەرزدە يىلنىڭ ئايلىنىشى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئەمەس، نىسابقا ئىگە بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆتكەنكى يىللارنىڭمۇ زاكىتىنى ئادا قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ، لېكىن قولىغا ئالماستا ئادا قىلىش مەجبۇرىي ئەمەس.

**ئاجىز قەرز:** مال ھېسابلانمايدىغان بىرەر نەرسىنىڭ باراۋىرىدە بېرىلىدىغان قەرزدۇر. ئايال كىشىگە بېرىلىدىغان تويلۇق بۇنىڭ مىسالىدۇر، چۈنكى تويلۇق ئەر ئايالدىن ئالغان بىرەر مۈلۈكنىڭ بەدىلى ئەمەس.

خۇلئى تالاقنىڭ[133] قەرزى، ۋەسىيەت ۋە قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىككە بېرىلىدىغان سۈلھ قەرزى ۋە

[133] ئېرىنى ياقتۇرمىغان ئايال ئۇنىڭغا مال ـ مۈلۈك بېرىش بەدىلىگە تالاق قىلدۇرغان بولسا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئايالنىڭ زىممىسىدىكى قەرز خۇلئى تالاقنىڭ قەرزى دەپ ئاتىلىدۇ.

دىيەت[134] قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئاجىز قەرزدە پەقەت قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان مال تولۇق نىسابىقا يەتسە ۋە تاپشۇرۇۋالغان ۋاقىتتىن باشلاپ تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولسا، ئاندىن زاكات پەرز بولىدۇ. ئاجىز قەرزدە ئۆتكەنكى يىللارنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋاجىب بولمايدۇ.

**نامەلۇم مال**

نامەلۇم مال: كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بولغان، ئەمما قولىغا ئېلىش قىيىن بولغان مالدۇر.

بۇنىڭ مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرى بىر كىشىگە قەرز بېرىدۇ، ئەمما بۇنىڭغا ئىسپاتى يوق، مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن قەرزىنى قولىغا ئالىدۇ.

بىر كىشى بىراۋنىڭ پۇل - مېلىنى بۇلىۋالىدۇ، مال ئىگىسى بۇلاڭچى ئۈستىدىن ئىسپات تۇرغۇزالمايدۇ، بىر مۇددەتتىن كېيىن بۇلاڭچى ئۇنىڭ مېلىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

بىر كىشى پۇل - مېلىنى يىتتۈرۈپ قويىدۇ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنى تېپىۋالىدۇ.

بىر كىشىنىڭ پۇل - مېلى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ.

---

[134] قاتىل تەرەپ ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا تۆلەيدىغان تۆلەم.

بىر كىشى پۇل ـ مېلىنى سەھراغا كۆمۈپ قويۇپ، كېيىن قويغان يېرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنى تاپىدۇ.

مانا مۇشۇنىڭدەك نامەلۇم ماللاردا ئۆتكەنكى يىللارنىڭ زاكىتىنى بېرىش ۋاجىب بولمايدۇ.

**زاكات بېرىلىدىغان ئورۇنلار**

ئاللاھ بۇ توغرىدا: ﴿**زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھ يولىغا ۋە ئىبن سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر**﴾ دەيدۇ[135].

قۇرئان كەرىم زاكات بېرىلىدىغان سەككىز تۈرنى تىلغا ئالغان. لېكىن، ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلامنىڭ كۈچلىنىپ بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان كىشىلەر (مؤلفة القلوب) گە زاكات بېرىشنى مەنئى قىلغان. ئۇنىڭغا ساھابىلەردىن ھېچكىم قارشىلىق بىلدۈرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن زاكات بېرىلىدىغان ئورۇنلاردىن بۇ تۈر شۇ زاماندا (ۋاقىتلىق)

---

[135] سۈرە تەۋبە، 60 ـ ئايەت.

ئەمەلدىن قالغان. بىز تۆۋەندە ھەربىر تۈرنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملارنى بايان قىلىمىز:

1. **پېقىر:** پۇل - مېلى ناسابقا يەتمىگەن كىشىدۇر. ئۇنداق كىشىگە گەرچە ساغلام، كەسىپدار بولسىمۇ، زاكات بېرىش جائىز.

2. **مىسكىن:** ھېچنەرسىسى بولمىغان كىشىدۇر.

3. **زاكات خادىمى:** بۇ زاكات ۋە ئۆشرىلەرنى يىغىشقا مەسئۇل بولغان كىشىدۇر. ئۇنىڭغا قىلغان خىزمىتىگە قاراپ زاكاتتىن ئىش ھەققى بېرىلسە بولىدۇ.

4. **قۇللار:** بۇلار مۇكاتەب[136] قۇللاردۇر.

5. **قەرزدار:** ئۈستىدە مەلۇم مىقداردا قەرزى بار، ئەمما قەرزىنى تۆلىسە، پۇل - مېلى نىسابقا يەتمەيدىغان كىشىدۇر. بۇ تۈردىكى قەرزدارنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېلىشى ئۈچۈن زاكات بېرىش پېقىرغا بەرگەندىن ئەۋزەل.

6. **ئاللاھ يولىدا:** ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىدا غازات قىلىشقا ئاتىغان پېقىر كىشىلەر ياكى ھەجگە چىقىپ پۇلى تۈگەپ كېتىپ، بەيتۇللاھقا بارالماي قالغانلار.

7. **يولۇچى:** ۋەتىنىدە پۇل - مېلى بار، لېكىن سەپەردە پۇلى تۈگەپ كەتكەن كىشىدۇر. بۇنداق كىشىگە ۋەتىنىگە بېرىۋېلىشى ئۈچۈن زاكات بېرىلىدۇ.

زىممىسىگە زاكات بېرىش پەرز بولغان كىشىنىڭ مەزكۇر تۈرلەرنىڭ ھەممىسىگە زاكات بېرىشىمۇ؛ بۇ

---

[136] ئازات بولۇشى مۇئەييەن مىقداردىكى پۇلغا باغلانغان قۇل.

تۈرلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلغان تەقدىردىمۇ، پەقەت بىرلا تۈرگە بېرىشمۇ جائىز.

**زاكات بېرىش جائىز بولمايدىغان كىشىلەر كىملەر؟**

1. كاپىرغا زاكات بېرىش جائىز بولمايدۇ.

2. بايغا زاكات بېرىش جائىز بولمايدۇ.

3. باي كىچىك بالىغا زاكات بېرىش جائىز بولمايدۇ.

4. دادىسى، بوۋىسى ۋە بوۋىسىنىڭ دادىسى قاتارلىق ئەجدادلىرىغا زاكات بېرىش جائىز بولمايدۇ.

ئوغلى ۋە ئوغلىنىڭ ئوغلى دېگەندەك ئەۋلادلىرىغا زاكات بېرىش جائىز بولمايدۇ.

5. ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا، ئايالىنىڭ ئېرىگە زاكات بېرىشى جائىز بولمايدۇ[137]. ئەمما، باشقا تۇغقانلارغا زاكات بېرىش ئەۋزەلدۇر.

6. مەسچىت، مەدرىسە بىنا قىلىش، يول ياساش قاتارلىق ئىشلارغا زاكات ئىشلىتىش جائىز بولمايدۇ[138].

7. زاكاتنى مېيىتنى كېپەنلەش ۋە مېيىتنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ قويۇشقا ئىشلىتىش جائىز بولمايدۇ.

---

[137] باي ئايالىنىڭ موھتاج ئېرىگە زاكات بېرىش مەسىلىسىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە بولمايدۇ، دەيدۇ. لېكىن ئىمام ئەبۇيۇسۇپ ۋە مۇھەممەد موھتاج ئېرىگە بەرسە بولىدۇ، دەيدۇ.

[138] زامانىمىزدىكى فۇقاھالار «ئاللاھ يولىدا» دېگەن ئايەتكە ئاساسەن ئىسلامنىڭ تەلىم-تەربىيە قەلئەسى ۋە دەۋەت قىلىش مەركىزى ھېسابلىنىدىغان مەسچىت ۋە مەدرىسە سېلىش ئۈچۈن زاكات ئىشلەتسە دۇرۇس دەپ قارايدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك قوللايدىغان دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتكە ئىگە بولالمىغان بەلكى كىملىكى تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان بىر مىللەتكە نىسبەتەن مەسچىت ۋە مەدرىسە ئۈچۈن زاكات ئىشلىتىش دۇرۇس. (تەھرىر).

چۈنكى، مەزكۇر ھالەتلەردە مالغا ئىگە قىلىش ئىشقا ئاشمايدۇ، زاكاتنى مالغا ئىگە قىلماستىن ئادا قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

زاكاتنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ۋە قولۇم ـ قوشنىلارغا بېرىش ئەۋزەلدۇر.

بىر كىشىگە 200 تەڭگە ياكى 20 مىسقال ئالتۇن دېگەندەك تولۇق نىسابقا يەتكۈدەك پۇل ـ مالنى زاكات ھېسابلاپ بېرىش مەكرۇھتۇر.

قەرزى بار كىشىنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېلىشى ئۈچۈن قەرزدارغا نىسابتىن كۆپرەك پۇل ـ مال بېرىش مەكرۇھ بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر كىشىگە قەرزىنى تۆلىۋېلىش ئۈچۈن 1000 تەڭگە بەرسە، مەكرۇھ بولمايدۇ.

زاكاتنى زۆرۈرىيەتسىز بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە يۆتكەش مەكرۇھ. ئەمما، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا بېرىش ئۈچۈن يۆتكەش مەكرۇھ بولمايدۇ.

ئۆز شەھىرىدىكىلەردىن بەكرەك موھتاج كىشىلەرگە بېرىش ئۈچۈن زاكاتنى يۆتكەش مەكرۇھ بولمايدۇ.

مەكتەپ ۋە خەير ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىكرەك ئورۇنلارغا زاكاتنى يۆتكەپ ئىشلىتىش مەكرۇھ بولمايدۇ.

# ئالتنچی باب

# هەجنلێ بایانی

# ھەجنىڭ بايانى

«ھەج» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى «ئۇلۇغ بىر ئىشقا يۈزلىنىش» دېمەكتۇر.

شەرئەت ئاتالغۇسىدا «مەلۇم ۋاقىتتا، مەلۇم شەرتلەر ئاستىدا، مەلۇم ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەرەم بەيتۇللاھقا يۈزلىنىش» دېمەكتۇر.

## ھەجنىڭ ھۆكمى ۋە دەلىلى

ھەج پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن پەرز بولۇپ، بۇ ئىسلام ئەركانلىرىنىڭ بىرىدۇر. ھەجنىڭ پەرزلىكىدە ھېچكىمنىڭ قارشى پىكرى يوق. پەرزلىكىنىڭ دەلىلى قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسىدۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: ﴿**قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر**﴾[139].

---

[139] سۈرە ئالئىمران، 97 - ئايەت.

ھەدىستىكى دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: **«كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلسا، (ھەج جەريانىدا) ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلمىسا، (كىشىلەر بىلەن) تىللاشمىسا، (ئۇ ھەجدىن) خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك پاك قايتىدۇ»**[140].

ئىجمادىن دەلىلى شۇكى، پۈتۈن مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ھەجنىڭ پەرزلىكىدە ھېچقانداق قارشى پىكىر بولمىغان ھالدا، ھەممىسى بىردەك قاراشتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ھەجنى ئىنكار قىلغان كىشىنى «كاپىر» دەپ ھۆكۈم قىلغان. چۈنكى، ھەجنى ئىنكار قىلغانلىق قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجما بىلەن ئىسپاتلانغان ھۆكۈمنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر.

## ھەجنىڭ پەرز بولۇش شەرتلىرى

تۆۋەندىكى شەرتلەر تولۇقلانغاندا ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەربىر شەخسكە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش پەرز ئەيندۇر:

1. مۇسۇلمان بولۇش، كاپىرغا ھەج پەرز بولمايدۇ؛

2. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، نارەسىدە بالىغا ھەج پەرز بولمايدۇ؛

3. ئەقلى ـ ھوشى نورمال بولۇش، ساراڭغا ھەج پەرز بولمايدۇ؛

---

[140] سەھىيھۇلبۇخارىي، 1521 ھەدىس.

4. ھۆر بولۇش، قۇلغا ھەج پەرز بولمايدۇ؛

5. قۇربى يېتىدىغان بولۇش، قۇربى يەتمەيدىغان كىشىگە ھەج پەرز بولمايدۇ.

قۇربى يېتىش دېگەنلىك: ھەجگە بارماقچى بولغان كىشىنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگۈچە بولغان مۇددەتتە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ نەپىقىسىدىن، قەرزىدىن ئېشىپ ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغ (قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ چىقىمى) قا ئىگە بولۇشى دېمەكتۇر.

**ھەجنىڭ ئادا بولۇش شەرتلىرى**

ھەج پەقەت تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلغاندا پەرز بولىدۇ:

1. تەننىڭ ساق بولۇشى. ئولتۇرۇپ قالغان، پالەچ، سەپەرگە يارىمايدىغان دەرىجىدە بەك قېرىپ كەتكەن بوۋاي قاتارلىقلارغا ھەج پەرز بولمايدۇ.

2. ھەجگە بېرىشتىن توسىدىغان سەۋەبلەر بولماسلىق. مەھبۇسقا ۋە ھەجدىن چەكلەيدىغان ئەمەلداردىن قورقىدىغان كىشىگە ھەج پەرز بولمايدۇ.

3. يول ئەمىن بولۇش. يول خاتىرجەم بولمىسا، ھەج پەرز بولمايدۇ.

4. ئايال كىشىگە نىسبەتەن مەيلى ياش ياكى قېرى بولسۇن، چوقۇم ئېرى ياكى مەھرىمى بولۇش. ئايال كىشى بىلەن بىرگە ئېرى ياكى مەھرىمى بولمىسا، ھەج پەرز بولمايدۇ.

5. ئايال كىشى ئىددەت ئىچىدە بولماسلىق. تالاق سەۋەبلىك ياكى ئېرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن سەۋەبلىك ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالغا ھەج پەرز بولمايدۇ.

**ھەجنى ئادا قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى**

ھەج قىلىش پەقەت تۆۋەندىكى شەرتلەر تولۇقلانغاندا پەرز بولىدۇ:

1. ئېھرام: ئېھرامسىز ھەج قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

ئېھرام مىيقاتتىن تەلبىيە ئېيتىش بىلەن بىرگە ھەجنى نىيەت قىلىش دېمەكتۇر. ئېھرامدا ئەرلەر يېپتا تىكىلگەن كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، تىكىلمىگەن كىيىملەرنى كىيىدۇ. ئىزار[141] ۋە رىدا[142] بولۇشى مۇستەھەب.

تەلبىيە[143] ئېيتقاندا مۇنداق دەيدۇ: «**لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لا شَرِيك لَك لَبَّيْكَ، إنَّ الحَمْدَ والنِعْمَةَ لَكَ والمُلْك، لا شَرِيكَ لك**».

2. مەخسۇس ۋاقىت: ھەج ئايلىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ھەج قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

ھەج ئايلىرى شەۋۋال، زۇلقەئىدە ۋە زۇلھەججە (نىڭ ئاۋۋالقى ئون ئۈچ كۈنى) دۇر. كىمكى بۇنىڭدىن بۇرۇن تاۋاپ قىلغان ياكى (ساپا ۋە مەرۋە ئارىسىدا) سەئيى

[141] ئېھرام باغلىغاندا بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى ئورايدىغان، تىكىلمىگەن ئاق رەخت.

[142] ئېھرام باغلىغاندا بەدەننىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئورايدىغان، تىكىلمىگەن ئاق رەخت.

[143] مەنىسى: ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئەمرىڭنى ئورۇنلاشقا ھازىرمەن.

قىلغان بولسا، دۇرۇس بولمايدۇ.

ھەج ئايلىرىدىن بۆرۈن ئېھرام باغلاش مەكرۇھلۇق بىلەن دۇرۇس بولىدۇ.

3. مەخسۇس ئورۇنلار: يەنى تۇرۇش ئۈچۈن ئەرەپات تېغى، زىيارەت تاۋاپى قىلىش ئۈچۈن ھەرەم مەسچىتى (بەيتۇللاھ).

ئەرەپاتتا تۇرىدىغان ۋاقىتتا ئۆلگۈرەلمەي تۇرالمىسا، ھەج ئادا بولمايدۇ. ئەرەپاتتا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، زىيارەت تاۋاپىنى قولدىن بېرىپ قويسا، يەنىلا ھەج ئادا بولمايدۇ.

## ئېھرام باغلىنىدىغان مىيقاتلار

مىيقات سىرتتىن كەلگەنلەر (مەككە ئەھلى بولمىغانلار) ھەج قىلماقچى بولغاندا، ئېھرامسىز ئۆتۈشى جائىز بولمايدىغان ئورۇندۇر.

مىيقاتلار ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

يەمەنلىك ۋە ھىندىستانلىقلارنىڭ مىيقاتى يەلەملەم[144].

مىسىر، شام ۋە ماراكەشلىكلەرنىڭ مىيقاتى جۇھفە[145].

---

[144] يەلەملەم: يەمەن تەرەپتىن مەككەگە كىرىدىغان ھاجىلارنىڭ مىيقات نۇقتىسىدۇر. مىقات مەسچىتىمۇ شۇ يەرگە جايلاشقان. مەككىگە ئەڭ يېقىن ئۈچى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر، ئەڭ يىراق ئۈچى 130 كىلومېتىر كېلىدۇ.

[145] جۇھفە: رابىغ شەھىرىگە يېقىن بولۇپ، مەككىدىن 183 كىلومىتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. كىشىلەر ھازىر رابىغدىن ئېھرام باغلايدۇ.

ئىراقلىقلار ۋە باشقا شەرق تەرەپتىكىلەرنىڭ مىقاتى زاتۇ ئىرق[146].

مەدىنە مۇنەۋۋەرەلىكلەرنىڭ مىقاتى زۇلھۇلەيفە[147].

نەجدلىكلەرنىڭ مىقاتى قەرەن[148].

مەزكۇر مىقاتلارنىڭ بىرىدىن ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن ئۆتكەن ياكى ئۇدۇلىدىن ماڭغان كىشىنىڭ ئېھرام باغلىشى ۋاجىب، ئېھرامسىز ئۆتۈشى جائىز ئەمەس.

مەيلى مەككىلىك بولسۇن ياكى مەككىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقانلار بولسۇن، مەككىدە تۇرغان ھەممەيلەننىڭ مىقاتى مەككىنىڭ ئۆزىدۇر.

مىقاتلارنىڭ ئارقىسىدا ياكى مەككىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ مىقاتى ھىل[149]دۇر. ئۇلار ئۆز ئۆيىدىن ياكى ھەرەم چېگراسى ئالدىدىكى ھەرقانداق جايدىن ئېھرام باغلىسا بولىدۇ.

---

[146] مەككىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تائىفقا يېقىن بىر جاينىڭ ئىسمى.

[147] مەدىنە خەلقى ۋە ئۇ يەردىن ھەج نىيىتى بىلەن ئۆتكەنلەر ئېھرام باغلايدىغان جاي بولۇپ، مەككىدىن ئەڭ يىراق مىقات دەپ قارىلىدۇ.

[148] نەجد خەلقىنىڭ ھەج ئۆچۈن ئېھرام باغلايدىغان جايى بولۇپ، تائىف شەھىرىنىڭ 7 كىلومېتىر يىراقتىكى شىمالى قىسمىغا جايلاشقان.

[149] مەككىنىڭ ھەرەم چېگراسى سىرتىدىكى جايلار.

## ھەجنىڭ ئەركانلىرى

ھەجنىڭ پەقەت ئىككى رۇكنى بار:

1. زۇلھەججەنىڭ توققۇزىنچى كۈنى قۇياش قايرىلغاندىن باشلاپ، قۇربان ھېيت كۈنى تاڭ يورۇغانغا قەدەر ئەرەپات زېمىنىدا تۇرۇش. مۇشۇ ئىككى ۋاقىت ئارىسىدا ئەرەپاتتا ئازراق بولسىمۇ تۇرسا، ئەرەپاتتا تۇرۇش پەرزى ئادا بولىدۇ.

2. ئەرەپاتتا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىش. بۇ تاۋاپ «زىيارەت تاۋاپى» ياكى «ئىفازە[150] تاۋاپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى

ھەجنىڭ ۋاجىبلىرى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

1. ئېھرامنى مىيقاتتىن باشلاش؛

2. بىر سائەت بولسىمۇ مۇزدەلىفەدە تۇرۇش بولۇپ، ۋاقتى بامدات نامىزىدىن كېيىن (زۇلھەججىنىڭ) ئونىنچى كۈنى قۇياش چىققانغا قەدەر؛

3. زىيارەت تاۋاپىنى قۇربان ھېيت كۈنلىرى ئىچىدە قىلىش ؛

4. سەفا ـ مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى

---

[150] ئىفازە: ئىتتىرىش، سەلدەك ئېقىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ، ئەرەپاتتىن قايتقاندا كىشىلەر سەلدەك ئېقىپ ماڭغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

قىلىش، سەئيىنى سەفادىن باشلاپ مەرۋەدە ئاخىرلاشتۇرۇش؛

5. مەككە ئەھلىدىن باشقىلارغا ۋىدالىشىش تاۋاپى قىلىش؛

6. تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش؛

7. قۇربان ھېيت كۈنلىرى ئۈچ شەيتانغا تاش ئېتىش؛

8. ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە ۋە قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە چاچنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش؛

9. تاۋاپ ھالىتىدە ۋە سەفا - مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلغاندا چوڭ - كىچىك تاھارەتسىزلىكتىن پاك بولۇش؛

10. يىپتا تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىش، بېشىنى يۆگىۋېلىش، يۈزىنى يېپىش، ئوۋ ئوۋلاش، ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش، سەت گەپ قىلىش، جېدەل - ماجىرا قىلىش قاتارلىق چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىق.

**ھەجنىڭ سۈننەتلىرى**

ھەجدە نۇرغۇن سۈننەتلەر بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

1. ئېھرام باغلىغاندا غۇسۇل قىلىش ياكى تاھارەت ئېلىش؛

2. ئىككى پارچە يېڭى ياكى يۇيۇلغان ئاق ئىزار ۋە رىدا كىيىش؛

3. ئېھرام نىيىتىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش؛

4. تەلبىيەنى كۆپ ئوقۇش؛

5. مەككىلىك بولمىغانلارنىڭ قۇدۇم[151] تاۋاپى قىلىشى؛

6. مەككىدە تۇرغان مۇددەتتە كۆپرەك تاۋاپ قىلىۋېلىش ؛

7. تاۋاپنى باشلاشتىن بۇرۇن رىداسىنىڭ بىر پېشىنى ئوڭ قولتۇقىغا قىستۇرۇش، يەنە بىر پېشىنى سول مۈرىسىگە تاشلاش؛

8. تاۋاپتا رەمەل يەنى قىسقا قەدەم بىلەن ئىلدام مېڭىش ۋە دەسلەپكى ئۈچ تاۋاپتا مۈرىسىنى سىلكىپ مېڭىش؛

9. سەئىيدە ئاستا يۈگۈرۈش؛ بۇ يەتتە قېتىملىق يۈگۈرۈشنىڭ ھەربىرىدە ئىككى يېشىل چىراغنىڭ ھەربىرىدە رەملىدىن تېزرەك مېڭىشنى بىلدۈرىدۇ.

10. ھەجەرۇلئەسۋەدنى سىلاش ۋە ھەر قېتىملىق تاۋاپ تۈگىگەندە ئۇنى بۇسى قىلىش؛

11. قۇربان ھېيت كۈنلىرى مىنادا قونۇش؛

12. ئىفراد ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق قىلىشى[152].

[151] قۇدۇم: يېتىپ كېلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، بۇ ھەج قىلغۇچى مەككىگە يېتىپ كېلىپ، ھەرەم مەسچىتىگە كىرگەندىن كېيىنلا قىلىنىدىغان تاۋاپ بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

[152] ھەدىيە: ھەج قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى ھەرەم دائىرىسىدە قۇربانلىق قىلىشى كۆرسىتىدۇ.

**ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلار**

ئېھرام باغلىغان كىشىگە جائىز بولمايدىغان، ھەجگە نۇقسان يەتمەسلىكى ياكى بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇزاق تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلار تۆۋەندىكىچە:

1. جىما ۋە ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار؛

2. ھارام قىلىنغان ئىشنى قىلىش؛

3. تىللىشىش ياكى جېدەللىشىش؛

4. خۇش پۇراق ئىشلىتىش؛

5. تىرناق ئېلىش؛

6. ئەرلەرنىڭ كۆڭلەك، ئىشتان، جۇۋا، ئۆتۈك دېگەندەك تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشى؛

7. بېشىنى ياكى يۈزىنى ئادەتتە يۆگەيدىغان نەرسىلەر بىلەن يۆگەش؛

8. ئايال كىشىنىڭ يۈزى ۋە قولىنى يۆگىۋېلىشى؛

9. چاچ، ساقال، قولتۇقنىڭ ۋە ئەۋرەتنىڭ تۈكى قاتارلىقلارنى ئېلىش؛

10. چاچنى ياكى بەدەننى مايلاش؛

11. ھەرەم چېگراسى ئىچىدىكى دەرەخلەرنى كېسىش ياكى ئوت - چۆپلىرىنى يۇلۇش؛

12. گۆشى يېيىلىدىغان ياكى يېيىلمەيدىغان بولسۇن، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە ئۆلتۈرۈش.

# ھەجنى ئادا قىلىش ئۇسۇلى

ھەج قىلماقچى بولغان كىشى ھەج ئايلىرىدا مەككىگە بارىدۇ، مىيقاتقا ياكى مىيقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە غۇسۇل قىلىدۇ ياكى تاھارەت ئالىدۇ؛ تىكىلگەن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئېھراملىق كىيىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ؛ ھەجگە نىيەت قىلىپ، «لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك...» دەپ تەلبىيە ئېيتىدۇ؛ تەلبىيە ئېيتسا، ئېھرام باغلىغان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەجدە چەكلەنگەن بارلىق ئىشلاردىن ئۇزاق تۇرۇشى لازىم. ھەر نامازنىڭ كەينىدىن، ئېگىزگە چىققاندا، پەسكە چۈشكەندە، كارۋانغا ئۇچرىغاندا، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا كۆپ تەلبىيە ئېيتىدۇ.

مەككىگە يېتىپ بارغاندا دەسلەپتە ھەرەم مەسچىتىگە كىرىدۇ، بەيتۇللاھنى كۆرگەن ھامان تەكبىر ۋە تەھلىل ئوقۇيدۇ، ئاندىن ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەجەرۇلئەسۋەدكە قاراپ تۇرۇپ تەكبىر ۋە تەھلىل ئوقۇيدۇ، ئۇنى سىلايدۇ، مۇمكىن بولسا، بۇسى قىلىدۇ، مۇمكىن بولمىسا، ئىشارەت ئارقىلىق بۇسى قىلىدۇ، ئاندىن ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاپ بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ، دەسلەپكى ئۈچ قېتىمدا مۈرىسىنى سىلكىپ، ئىلدام ماڭىدۇ، قالغانلىرىدا سالماقلىق ۋە تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ. ھەتىمنىڭ[153] كەينىدىن ئايلىنىپ تاۋاپ قىلىدۇ، ھەر

[153] بەيتۇللانىڭ شىمال تەرىپىدىكى بەيتۇللاھتىن ھېسابلىنىدىغان يېرىم ئايلانما

قېتىم ھەجەرۇلئەسۋەدنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنى سىلايدۇ ۋە تاۋاپنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ «قۇدۇم تاۋاپى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاۋاپ سۈننەتتۇر. ئاندىن كېيىن سەفا تېغىغا چىقىدۇ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، تەكبىر ۋە تەھلىل ئوقۇيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن مەرۋە تېغىغا چىقىپ سەفا تېغىدا قىلغانىنىڭ ئوخشىشىنى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق سەئيى تامام بولىدۇ. ئاندىن سەفاغا، سەفادىن مەرۋەگە قايتىدۇ، بۇ ئىشنى مۇشۇ شەكىلدە يەتتە قېتىم تاماملايدۇ. يەتتە قېتىملىق سەئيىنىڭ ھەربىرىدە ئىككى يېشىل چىراغ ئارىسىدا مۇرىسىنى سىلكىپ تېزراق ماڭىدۇ.

زۇلھەججەنىڭ سەككىزىنچى كۈنى بامدات نامىزىنى مەككىدە ئوقۇپ، ئاندىن مىناغا چىقىپ تۇرىدۇ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. توققۇزىنچى كۈنى يەنى ئەرەپە كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مىنادىن ئەرەپات تېغىغا بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە تەكبىر، تەھلىل ئوقۇيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. قۇياش قايرىلغاندىن كېيىن، ئىمام كىشىلەرگە پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىنى پېشىن ۋاقتىدا بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇپ بېرىدۇ.

---

تامىنىڭ ئىچى.

ئەرەپاتتا قۇياش پاتقۇچە تۇرىدۇ. ئاندىن مەككە تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، مۇزدەلىفەگە چۈشىدۇ، قۇربان ھېيت كېچىسىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ ۋە شۇ كېچىدە ئىمام شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى خۇپتەن ۋاقتىدا بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇنىنچى كۈنى يەنى قۇربان ھېيت كۈنى تاڭ يورۇغاندا ئىمام بامدات نامىزىنى كىشىلەرگە ئالا قاراڭغۇلۇقتا (ئاۋۋالقى ۋاقتىدا) ئوقۇپ بېرىدۇ. ئىمام جامائەت بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن قايتىدۇ، جەمرەتۇلئەقەبەگە[154] يېتىپ بارغاندا، شۇ يەردە يەتتە قېتىم تاش ئاتىدۇ، دەسلەپكى تاشنى ئېتىشى بىلەنلا تەلبىيەنى توختىتىدۇ، ئاندىن خالىسا مال بوغۇزلايدۇ، ئاندىن چېچىنى چۈشۈرتىدۇ يا قىسقارتىدۇ، ئاندىن قۇربان ھېيتتىكى ئۈچ كۈن ئىچىدە زىيارەت تاۋاپىنى قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارىدۇ، زىيارەت تاۋاپىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن مىناغا قايتىپ، شۇ يەردە تۇرىدۇ.

ئون بىرىنچى كۈنى قۇياش قايرىلغاندا ئۈچ يەردە شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. بىرىنچى قېتىم خەيف مەسچىتى[155] يېنىدىكى جەمرەتۇلئۇلاغا بېرىپ، يەتتە قېتىم تاش ئاتىدۇ، ھەر قېتىمدا تەكبىر ئوقۇيدۇ،

[154] جەمرە ئەقەبە ھەج قىلغۇچىنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى شەيتاننىڭ سىمۋولىغا ئاتىدىغان تاشنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ ھۆكمى ۋاجىبتۇر. شەيتاننىڭ سىمۋولى ئۈچ تۈرلۈكتۇر: (كىچىك، ئوتتۇرا ۋە چوڭ).

[155] مىنا تېغىنىڭ جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان مەسچىت.

يەتتە قېتىم تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ يەردە تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن جەمرەتۇلۋۇستاغا كېلىپ، شۇ يەردە تاش ئېتىپ بولۇپ (دۇئا قىلىدۇ). ئاندىن جەمرەتۇلئەقەبەنىڭ يېنىغا كېلىپ تاش ئاتىدۇ، تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن تۇرمايلا كېتىدۇ.

ئون ئىككىنچى كۈنى قۇياش قايرىلغاندا ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش ئۈچ يەردە شەيتانغا تاش ئاتىدۇ، تاش ئېتىش كۈنلىرىدە كېچىنى مىنادا ئۆتكۈزىدۇ، تاش ئېتىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەككىگە قاراپ يول ئالىدۇ ۋە مۇھەسسەپ[156] دېگەن جايغا چۈشۈپ، شۇ يەردە بىر سائەت تۇرىدۇ، ئاندىن مەككىگە كىرىپ، بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ، بۇ تاۋاپ «ۋىدالىشىش تاۋاپى» دەپ ئاتىلىدۇ. تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ ۋە زەمزەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆرە تۇرۇپ زەمزەم ئىچىدۇ، ئاندىن مۇلتەزەمنىڭ[157] يېنىغا كېلىپ، ئاللاھقا زارۇ - تەزەررۇ قىلىپ، خالىغان دۇئالارنى قىلىدۇ. ئۆيگە قايتماقچى بولغاندا، بەيتۇللاھتىن ئايرىلغانلىقىغا ھەسرەت بىلەن يىغلاپ قايتىش ئەۋزەل.

[156] مىنا بىلەن مەككە ئارىسىدىكى بىر ئورۇننىڭ ئىسمى.

[157] ھەجەرۇلئەسۋەد بىلەن كەبىنىڭ ئىشىكى ئارىسىدىكى ئورۇن.

# قىران ھەجى

«قىران» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى «ئىككى نەرسىنى بىرلەشتۈرۈش، جۈپلەش» دېگەنلىكتۇر. شەرىئەت ئاتالغۇسىدىكى مەنىسى «مىيقاتتىن ئۆمرە بىلەن ھەجگە بىرلىكتە ئېھرام باغلاش» دېمەكتۇر.

بىز (ھەنەفىي مەزھەپتىكىلەر) نىڭ قارىشىمىزدا قىران ھەجى تەمەتتۇ ھەجىدىن ئەۋزەل، تەمەتتۇ ھەجى ئىفراد ھەجىدىن ئەۋزەلدۇر.

قىران ھەجى قىلغۇچىنىڭ «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن ئۆمرە ۋە پەرز ھەج قىلماقچى. ماڭا بۇ ئىككىسىنى ئاسان قىلغىن ۋە مەندىن قوبۇل قىلغىن» دېيىشى، ئاندىن تەلبىيە ئېيتىشى سۈننەتتۇر.

ئەگەر قىران ھەجى قىلغۇچى مەككىگە كىرسە، ئۆمرە ئۈچۈن يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ، پەقەت دەسلەپكى ئۈچ تاۋاپتا ئىلدام ماڭىدۇ، تاۋاپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇيدۇ، ئاندىن سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىدۇ، ئىككى يېشىل چىراغ ئارىسىدا يۈگۈرىدۇ، شۇنداق قىلىپ يەتتە قېتىملىق سەئيىنى تاماملايدۇ. بۇلار ئۆمرە قىلىشنىڭ پائالىيەتلىرىدۇر، ئاندىن پەرز ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى باشلايدۇ يەنى ئالدى بىلەن قۇدۇم تاۋاپى قىلىدۇ، ئاندىن يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغاندەك ھەج

پائالىيەتلىرىنى تاماملايدۇ.

قۇربان ھېيت كۈنى جەمرەتۇلئەقەبەدە تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قوي ياكى بىر تۆگىنىڭ يەتتىنىڭ بىرىنى قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئەگەر قۇربانلىق مال تاپالمىسا، قۇربان ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن ئۈچ كۈن، ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ. (بۇ يەتتە كۈن روزىنى) خالىسا تەشرىق كۈنلىرىدىن[158] كېيىن مەككىدە تۇتسىمۇ، ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن تۇتسىمۇ بولىدۇ.

---

[158] زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11-، 12-، 13- كۈنلىرى.

# تەمەتتۇ ھەجى

«تەمەتتۇ» (ھەج ئايلىرىدا ئۆمرە قىلىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەجگە ئېھرام باغلاش) دېگەننىمىز مىقاتتىن پەقەت ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاش ۋە ئىككى رەكئەت ئېھرام نامىزىدىن كېيىن: «ئى ئاللاھ! مەن ئۆمرە قىلماقچى. ئۇنى ماڭا مۇيەسسەر قىلغىن، مەندىن قوبۇل قىلغىن» دېيىشتۇر.

ئېھرام باغلىغۇچى (شۇنىڭدىن كېيىن) تەلبىيە ئېيتىشنى باشلايدۇ، مەككىگە كىرگەندە ئۆمرە ئۈچۈن تاۋاپ قىلىدۇ. دەسلەپكى تاۋاپنى باشلاش بىلەنلا تەلبىيەنى توختىتىدۇ، دەسلەپكى ئۈچ قېتىمدا ئىلدام ماڭىدۇ، تاۋاپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇيدۇ، ئاندىن سەفا ـ مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىدۇ، بېشىنى چۈشۈرتىدۇ يا قىسقارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېھرامدىن چىققان بولىدۇ.

زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى كەلگەندە پەرز ھەجگە ھەرەم (دائىرىسى) دىن ئايرىم ئېھرام باغلايدۇ ۋە ھەجنىڭ (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان) پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ.

قۇربان ھېيت كۈنى جەمرەتۇلئەقەبەدە تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قوي ياكى بىر كالا ياكى بىر تۆگىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

ئەگەر بىر قوي قۇربانلىق قىلىش ئىمكانى بولمىسا، قۇربان ھېيت كۈنىدىن بۇرۇن ئۈچ كۈن، ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ. ئەگەر ئۈچ كۈن روزا تۇتماستىن قۇربان ھېيت كېلىپ قالغان بولسا، بىر قوي ياكى بىر كالا ياكى بىر تۆگىنىڭ يەتتىنىڭ بىرىنى قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ، (بۇ چاغدا) روزا تۇتۇش ۋە سەدىقە بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ.

# ئۆمرە قىلىش

بىر ئادەمدە ھەج قىلىشنىڭ ۋاجىبلىق شەرتلىرى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك) تېپىلسا، ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆمرە قىلىشى كۆچلۈك سۈننەتتۇر.

يىلنىڭ ھەممە كۈنلىرىدە ئۆمرە قىلىش دۇرۇس.

ئەرەپات كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنى ۋە تەشرىق كۈنلىرىدە ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاش مەكرۇھ.

**ئۆمرەنىڭ پائالىيەتلىرى تۆتتۇر:**

1. ئېھرام باغلاش؛

2. تاۋاپ قىلىش؛

3. سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىش؛

4. چاچنى چۈشۈرتۈش ياكى قىسقارتىش.

ئۆمرە قىلماقچى بولغان كىشى مەيلى مەككىلىك بولسۇن ياكى مەككىدە ئىقامەت قىلغۇچىلار بولسۇن، مەككىدىلا بولىدىكەن، ھىل[159] غا بېرىپ ئېھرام باغلىسۇن.

ئەمما، مەككىدىن ئۇزاق بولۇپ، تېخىچە مەككىگە كىرمىگەن كىشى مەككىگە كەتمەكچى بولسا، مىقاتتىن ئېھرام باغلايدۇ، ئاندىن (بەيتۇللاھنى) تاۋاپ قىلىدۇ ۋە ئۆمرە ئۈچۈن سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىدۇ،

[159] مەككىنىڭ ھەرەم چېگراسى سىرتىدىكى تەنئىم ۋە جىئرانە دېگەندەك جايلار.

ئاندىن بىشىنى چۈشۈرتىدۇ يا قىسقارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىبرامدىن چىقىپ، ئۆمرىنى تاماملايدۇ.

## ھەج ۋە ئۆمرىدىكى جىنايەتلەر ۋە ئۇنىڭ جازالىرى

جىنايەت ھەج ۋە ئۆمرە جەريانىدا «چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىش» دېمەكتۇر.

جىنايەتلەر ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ھەرەمگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر
2. ئىبرام ئىچىدە قىلىنغان جىنايەتلەر

### ھەرەمگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەر

بىر كىشىنىڭ ھەرەم دائىرىسىدىكى ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈشى، باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇشى، يول باشلىشى ياكى بىرىنىڭ ھەرەم دائىرىسىدىكى دەرەخلەرنى يا ئوت - چۆپلەرنى كېسىشى ۋە يۇلۇشى قاتارلىقلار ھەرەمگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەتلەردۇر. بۇ ئىشلارنى مەيلى ئىبرام باغلىغان كىشى قىلسۇن ياكى ئىبرامنىڭ سىرتىدىكى كىشى قىلسۇن، بەرىبىر ھەرەمگە مۇناسىۋەتلىك جىنايەت ھېسابلىنىدۇ، ھەممىسىگە ئوخشاش جازا كېلىدۇ.

مەيلى ئىبرام باغلىغان كىشى بولسۇن ياكى ئىبرام سىرتىدىكى كىشى بولسۇن، ھەرەم دائىرىسىدىكى

ياۋايى قۇرۇقلۇق هايۋانلىرىدىن بىرىنى ئۇۋلاپ، بوغۇزلىغان بولسا، ئۇنى يېيىش جائىز بولمايدۇ، ئۇ ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان هايۋان هېسابلىنىدۇ.

ئېھرام سىرتىدىكى كىشى ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە ئوۋ ئوۋلىغان بولسا، ئۇنىڭغا قىممىتىنى بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ، ئۇنى پېقىرلارغا سەدىقە قىلىدۇ، روزا تۇتۇش ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ھەرەم دائىرىسى ئىچىدىكى دەرەخلەرنى ياكى ئوت - چۆپلەرنى كېسىپ قويسا، بۇنى قىلغۇچى مەيلى ئېھرام ئىچىدە بولسۇن ياكى ئېھرام سىرتىدا بولسۇن، قىممىتىنى بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ئوت - چۆپلەرنى چېدىر ۋە ئوچاق ياساش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلەتسە، جائىز، چۈنكى بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدۇ.

## ئېھرام ئىچىدىكى جىنايەتلەر

ئېھرام باغلىغان كىشىنىڭ ئېھرام ئىچىدە تۇرۇپ ھەجدە چەكلەنگەن ئىشلاردىن بىرىنى قىلىشى ياكى ۋاجىبلاردىن بىرىنى تەرك ئېتىشىدۇر.

ئېھرام ئىچىدىكى جىنايەتلەر ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**بىرىنچى، ھەجنى بۇزۇۋېتىدىغان جىنايەتلەر**

بۇنداق جىنايەت سادىر بولسا، بۇزۇلغان ھەج قان

قىلىش، روزا تۇتۇش ۋە سەدىقە بېرىش قاتارلىقلار بىلەنمۇ ئەسلىگە كەلمەيدۇ. بۇنىڭ مىسالى ئەرەپات تېغىدا تۇرۇشتىن بۇرۇن جىما قىلىشتۇر.

ئەرەپاتتا تۇرۇشتىن بۇرۇن جىما قىلغان كىشىنىڭ ھەججى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. شۇ چاغدا بىر قوي قان قىلىشى ۋە كېيىنكى يىلى شۇ ھەججىنىڭ قازاسىنى قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.

**ئىككىنچى، كالا ياكى تۆگە قان قىلىش ۋاجىب بولىدىغان جىنايەتلەر**

بۇلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئەرەپاتتا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چېچىنى چۈشۈرتۈشتىن بۇرۇن جىما قىلىش؛

2. زىيارەت تاۋاپىنى جۇنۇپ ھالىتىدە قىلىش.

ئەرەپاتتا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، چېچىنى چۈشۈرتۈشتىن بۇرۇن جىما قىلغان كىشىگە بىر تۆگە ياكى بىر كالا قان قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

زىيارەت تاۋاپىنى جۇنۇپ ھالىتىدە قىلغان كىشىگىمۇ بىر تۆگە ياكى بىر كالا قان قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، بىر قوي ياكى تۆگە ياكى كالىنىڭ يەتتىنىڭ بىرىنى قان قىلىش ۋاجىب بولىدىغان جىنايەتلەر

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا شۇنداق قان قىلىش ۋاجىب:

1. سۆيۈش ۋە شەھۋەت بىلەن سىلاشقا ئوخشاش جىنسىي مۇناسىۋەتكە قىزىقتۇرىدىغان بىرەر ئىش قىلسا؛

2. ئەر كىشى ئۆزرىسىز تىكىلگەن كىيىم كىيسە. ئايال كىشى خالىغان كىيىملەرنى كىيەلەيدۇ، ئەمما يۈزىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان نەرسە بىلەن يۈزىنى يېپىۋالمايدۇ؛

3. ئۆزرىسىز چېچىنى ياكى ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتسە؛

4. ئېھرام ئىچىدىكى كىشى يۈزىنى تولۇق بىر كۈن يېپىۋالسا؛

5. ئېھرام ئىچىدىكى كىشى ئۆزرىسىز يوتا، پاچاق، بىلەك، يۈز ۋە باشقا ئوخشاش ئاساسلىق ئەزالاردىن تولۇق بىر ئەزاغا قانداقتۇر بىر خۇش پۇراقنى سۈرتسە؛

شۇنىڭدەك خۇش پۇراق سۈرتۈلگەن تولۇق بىر كىيىمنى كىيسە؛

6. بىر قولى ياكى بىر پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى ئالسا؛

7. قايتىش تاۋاپىنى تەرك ئەتسە.

**تۆتىنچى، 1600 گىرام بۇغداي ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى بېرىش ۋاجىب بولىدىغان جىنايەتلەر**

تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىدە شۇنداق جازا كېلىدۇ:

1. ئېھرام باغلىغان كىشى چېچىنىڭ ياكى ساقىلىنىڭ تۆتتىن بىرىدىن ئازراقىنى چۈشۈرۈۋەتسە؛

2. بىر ياكى ئىككى تىرنىقىنى قىسقارتىۋەتسە، بۇنىڭدا ھەر تىرناق ئۈچۈن 1600 گىرام بۇغداي سەدىقە قىلىش ۋاجىب بولىدۇ؛

3. بىر ئەزانىڭ ئازراقىغا خۇش پۇراق سۈرتسە؛

4. تىكىلگەن ياكى خۇش پۇراق سۈرتۈلگەن كىيىمنى بىر كۈندىن ئازراق ۋاقىت كىيسە؛

5. بېشىنى ياكى يۈزىنى بىر كۈندىن ئازراق يۆگىسە؛

6. قۇدۇم تاۋاپىنى ياكى سەدرى تاۋاپىنى تاھارەتسىز ھالدا قىلسا؛

7. ھەر قېتىمقى تاشلاردىن بىرەر تال تاشنى ئاتمىغان بولسا.

**بەشىنچى، يېرىم سادىن ئازراق سەدىقە ۋاجىب بولىدىغان جىنايەتلەر**

بىرەر تال پىت ياكى چېكەتكە ئۆلتۈرسە، خالىغان نەرسىنى سەدىقە قىلىدۇ.

ئىككى تال پىت ياكى چىكەتكە ياكى ئىككىسىدىن جەمئىي ئۈچ تال ئۆلتۈرسە، بىر ئۈگۈچ ئاشلىق سەدىقە قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن زىيادە بولسا، 1600 گىرام بۇغداي سەدىقە قىلىدۇ.

## ئالتىنچى، قىممىتىنى سەدىقە قىلىش ۋاجىب بولىدىغان جىنايەتلەر

بۇ، قۇرۇقلۇقتىكى ياۋايى ئوۋ ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ.

ئېھرام باغلىغان كىشى قۇرۇقلۇقتىكى ياۋايى ھايۋانلاردىن بىرىنى ئوۋلىسا، بوغۇزلىسا، كۆرسىتىپ قويسا ياكى ئوۋچىنى بار يېرىگە باشلاپ قويسا، مەيلى ئوۋنىڭ گۆشى يېيىلىدىغان بولسۇن ياكى يېيىلمەيدىغان بولسۇن، قىممىتىنى سەدىقە قىلىشى ۋاجىب.

ئوۋنىڭ قىممىتىنى ئىككى ئادىل كىشى ئوۋلانغان ئورۇندا ياكى شۇ يەرگە يېقىن ئورۇندا باھالاپ چىقىدۇ.

ئوۋنىڭ قىممىتى قۇربانلىقنىڭ پۇلىغا تەڭ كەلسە، ئېھرام باغلىغۇچى ئىختىيارلىق ئىچىدە بولىدۇ؛ خالىسا قۇربانلىق سېتىۋېلىپ، ئۇنى ھەرەم دائىرىسىدە بوغۇزلايدۇ؛ خالىسا بۇغداي سېتىۋېلىپ، پېقىرلارغا سەدىقە قىلىدۇ. ھەر پېقىرغا يېرىم سا بېرىدۇ. خالىسا ھەر يېرىم سا بۇغداينىڭ ئورنىغا بىر كۈن روزا تۇتسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر ئۇۋىنىڭ قىممىتى قۇربانلىقنىڭ پۇلىغا تەڭ كەلمىسە، خالىسا بۇغداي سېتىۋېلىپ سەدىقە قىلىدۇ؛ خالىسا ھەر يېرىم سا بۇغداينىڭ ئورنىغا تولۇق بىر كۈن روزا تۇتىدۇ.

ئېھرامدىكى كىشى ھەرە، چايان، چىۋىن، چۈمۈلە، شەپەرەڭ، يىلان، چاشقان، قارغا ۋە غالجىر ئىت قاتارلىق زىيانلىق جاندارلارنى ئۆلتۈرسە، ھېچقانداق جازا كەلمەيدۇ.

# ھەدىيە (قۇربانلىق)

ھەدىيە — ھەرەم دائىرىسىدە قۇربانلىق ئۆچۈن بوغۇزلىنىدىغان چارۋا - مالنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىيە قوي، كالا ۋە تۆگە قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

بىر قوي بىر كىشىنىڭ، بىر تۆگە ياكى بىر كالا يەتتە كىشىنىڭ ھەدىيە بېرىشىگە يارايدۇ، ئەمما يەتتە كىشىدىن ھەربىرىنىڭ ئۈلۈشى يەتتىنىڭ بىرىدىن ئاز بولۇپ قالماسلىقى شەرت.

قۇربانلىق مالغا قويۇلغان ئەيىبلەردىن ساغلام بولۇش شەرتلىرى ھەدىيە ماللىرىدىمۇ كۈچكە ئىگە.

تولۇق بىر يىل توشۇپ، ئىككىنچى يىلغا قەدەم ئالمىغان قوينى ھەدىيە قىلىش جائىز ئەمەس.

يېرىم يىلدىن ئاشقان ۋە بىر يىلنى توشقۇزغان قويدىن پەرقلەنمەيدىغان دەرىجىدە سەمرىپ كەتكەن پاقلان يۇقىرىقى ھۆكۈمدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۇنى ھەدىيە قىلىش جائىز.

ئىككى يىلنى تولۇقلاپ، ئۈچىنچى يىلغا قەدەم ئالمىغان كالىنى ھەدىيە قىلىش جائىز بولمايدۇ.

بەش يىلنى تولۇقلاپ، ئالتىنچى يىلغا قەدەم ئالمىغان تۆگىنى ھەدىيە قىلىش جائىز بولمايدۇ.

نەپلە ھەدیە، قىران ھەج ھەدیسى، تەمەتتۇ ھەج ھەدیسى قاتارلىقلار قۇربان ھېیت كۈنلىرى جەمرەتۇلئەقەبە تاشلىرىنى ئېتىپ بولغاندىن كېیىن بوغۇزلىنىدۇ.

باشقا ھەدیلەرنى بوغۇزلاش ۋاقتىقا قاراشلىق ئەمەس.

ھەرقانداق ھەدیە ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە بوغۇزلىنىدۇ.

ھەدیلەرنى قۇربان ھېیت كۈنلىرى مىنادا بوغۇزلاش سۈننەتتۇر.

ھەدیە قىلغۇچىنىڭ نەپلە ھەدیە، قىران ھەج ھەدیسى، تەمەتتۇ ھەج ھەدیسى قاتارلىق ھەدیلەردىن یېیىشى مۇستەھەب.

باي كىشىنىڭمۇ نەپلە ھەدیە، قىران ھەج ھەدیسى ۋە تەمەتتۇ ھەج ھەدیسى قاتارلىقلاردىن یېیىشى جائىز.

نەپلە ھەدیە یولدا تالاپەتكە ئۇچرىسا، ھەدیە ئىگىسى یاكى باي كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن یېیىشى جائىز بولمایدۇ. ئۇنى بوغۇزلاپ، تىزگىنىنى قېنى بىلەن بویاپ تاشلىۋېتىش ۋاجىب.

نەزىر ئۈچۈن قىلىنغان ھەدیلەرنىڭ گۆشلىرىنى یېیىش ھەدیە ئىگىسىگە ۋە باي كىشىگە جائىز ئەمەس، چۈنكى ئۇ، سەدىقە بولۇپ، پېقىرلارنىڭ ھەققىدۇر.

جىنایەت سەۋەبىدىن بوغۇزلانغان ھەدیلەردىن ھەدیە ئىگىسىنىڭ ۋە باي كىشىنىڭ یېیىشى جائىز بولمایدۇ، چۈنكى ئۇ، ھەجدە یۈز بەرگەن نۇقسانلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ۋاجىب بولغان سەدىقىدۇر.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **«كىمكى مېنىڭ قەبرەمنى زىيارەت قىلسا، ئۇنىڭغا شاپائىتىم ۋاجىب بولىدۇ»**[160].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەب ئەمەللەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەج قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان كىشى ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بارسۇن ۋە بېرىشنى نىيەت قىلغاندىن كېيىنلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالامنى كۆپ يوللىسۇن.

مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يېتىپ بارغاندا غۇسۇل قىلسۇن، خۇش پۇراق ئىشلەتسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشنى كاتتا ئىبادەت ھېسابلاپ، ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيسۇن.

دەسلەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك مەسچىتىگە كەمتەرلىك ۋە تەمكىنلىك بىلەن، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقان ھالدا كىرسۇن. ئاندىن ئىككى رەكئەت «تەھىييەتۇل مەسچىت نامىزى» ئوقۇسۇن، خالىغان دۇئالارنى قىلسۇن، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قەبرە ئالدىدا كامالى ئەدەپ

---

[160] دارقۇتنى رىۋايىتى، 2695 - ھەدىس. (ئاجىز ھەدىس).

بىلـەن، سـۈكۈت قىلغـان هالـدا، ئـۆرە تـۇرۇپ سـالام بەرسـۇن ۋە دۇرۇت ئوقۇسـۇن، ئاندىــن سـالام يوللاشـنى ئامانــەت قىلغـان كىشـىلەرنىڭ سـالامىنى يەتكۈزسـۇن، ئاندىــن مەسـچىتنىڭ مۇناسـىپ يېرىــدە خالىغانچــە نامـاز ئوقۇسـۇن. ئـۆزى، ئاتـا ـ ئانىسـى، مۇسـۇلمانلار ۋە دۇئـا قىلىـپ قويۇشـنى ئۆتۈنگـەن كىشـىلەر ئۈچـۈن خالىغانچـە دۇئـا قىلسـۇن. مەدىنىـدە تۇرغـان پۇرسـەتلەرنى غەنىيمەت بىلسـۇن، كېچىلەرنــى (ئىبـادەت بىلـەن) ئىهيـا قىلىـش ۋە پۇرسـەت تاپسـىلا پەيغەمبـەر ئەلەيهسسـالامنى زىيـارەت قىلىشـقا تىرىشـچانلىق قىلسـۇن. تەسـبىھ، ئىسـتىغپار ۋە تەۋبـە قىلىـش قاتارلىقلارنــى كـۆپ قىلىۋالسـۇن.

مەدىنىگە بارغان كىشىگە ساهابىلەرنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ۋە سـالىهلارنىڭ (ئالـلاھ ئۇلارنىــڭ هەممىسـىدىن رازى بولسـۇن) قەبرىلىرىنــى زىيـارەت قىلىـش ئۈچـۈن بەقىئ[161] قەبرىسـتانلىقىغا چىقىـش مۇسـتەهەب.

مەدىنىگە بارغان كىشـىگە يەنە مەدىنىدىلا بولىدىكەن، جىمـى نامازلارنى پەيغەمبەر ئەلەيهسسـالامنىڭ مەسـچىتىدە ئوقـۇش مۇسـتەهەب. ئەگــەر ئـۆز ۋەتىنىگــە قايتماقچــى بولسـا، ئـۇ مەسـچىتتە ئىككــى رەكئــەت نامـاز ئوقـۇپ ۋىدالىششــى، خالىغانچــە دۇئـا قىلىشــى، پەيغەمبــەر ئەلەيهسسـالامنىڭ قەبرىسـىنى زىيـارەت قىلىشـى، دۇرۇت ۋە سـالام ئوقـۇپ، ئـۇ مۇبـارەك زاتتىــن ئايرىلغانلىقىغـا (قايغـۇرۇپ) يىغلىغـان هالـدا قايتىشـى مۇسـتەهەب.

---

[161] پەيغەمبـەر ئەلەيهسسـالام ئەلەيهسسـالامنىڭ مەسـچىتىگە تەخمىنـەن 300 مېتىـر كېلىدىغـان قەبرىسـتانلىق..

# يەتتىنچى باب

# قۇربانلىقنىڭ بايانى

# قۇربانلىقنىڭ بايانى

ئاللاھ تائالا: ﴿**پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن**﴾ دەيدۇ[162].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «**ئاللاھ ئىنساننىڭ قۇربان ھېيت كۈنىدە قىلغان ئەمەللىرىدىن قان ئېقىتقان ئەمەلنى (قىلغان قۇربانلىقنى) ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغان مال قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزلىرى، يۇڭلىرى ۋە تۇياقلىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ، ئۇنىڭ قېنى يەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن ئاللاھ ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇشاللىق بىلەن قۇربانلىق قىلىڭلار!**»[163].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «**مال - مۈلكى بار تۇرۇپ، قۇربانلىق قىلمىغان كىشى بىزنىڭ مەسچىتىمىزگە يېقىن يولىمىسۇن!**»[164].

«قۇربانلىق» كەلىمىسىنىڭ سۆزلۈك مەنىسى «قۇربان ھېيت كۈنى بوغۇزلىنىدىغان مال» دېمەكتۇر.

«قۇربانلىق» شەرئەت ئاتالغۇسىدا «مۇئەييەن سۈپەتكە ئىگە ماللارنى مۇئەييەن ۋاقىتتا، ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش نىيىتى بىلەن بوغۇزلاش» دېمەكتۇر.

---

[162] سۈرە كەۋسەر، 2 - ئايەت.

[163] تىرمىزىي، 1493 - ھەدىس.

[164] ئىبنى ماجە، 3123 - ھەدىس.

## قۇربانلىقنىڭ ھۆكمى

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ قارىشىدا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب. پەتىۋامۇ شۇ بويىچە بېرىلگەن.

قۇربانلىق قىلىش ئىككى ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا كۈچلۈك سۈننەتتۇر.

## قۇربانلىق قىلىش كىملەرگە ۋاجىب بولىدۇ؟

قۇربانلىق قىلىش تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلانغان كىشىگە ۋاجىب بولىدۇ:

1. مۇسۇلمان بولۇش، كاپىرغا قۇربانلىق ۋاجىب بولمايدۇ؛

2. ھۆر بولۇش؛

3. باي بولۇش، پېقىرغا قۇربانلىق ۋاجىب بولمايدۇ.

قۇربانلىقنىڭ ۋاجىب بولۇشىدا مال- مۈلۈكنىڭ نىسابقا يېتىپ، تولۇق بىر يىل ئۆتكەن بولۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى بىر مۇسۇلماننىڭ مال ـ مۈلكى قۇربان ھېيت كۈنى ئەسلىي ھاجەتلىرىدىن ئېشىپ، نىسابقا يەتسە، قۇربانلىق قىلىش ۋاجىب بولىۋېرىدۇ.

## قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى

قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەن باشلىنىپ، 12 ـ كۈنى كۈن پېتىشقا ئاز قالغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

شەھەر ۋە چوڭ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ھېيت نامىزى ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلىشى جائىز بولمايدۇ.

ھېيت نامىزى ئوقۇش ۋاجىب بولمايدىغان چەت يېزا قىشلاق ئاھالىلىرى تاڭ يورۇغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلسا، جائىز بولىدۇ.

قۇربانلىق كۈنلىرىدىن بىرىنچى كۈنى قۇربانلىق قىلىش ئەڭ ئەۋزەل، ئاندىن قالسا ئىككىنچى كۈنى، ئەڭ بولمىغاندا ئۈچىنچى كۈنى قۇربانلىق قىلىسمۇ جائىز.

قۇربانلىق مالنى ياخشى بوغۇزلىيالىسا، ئۆزى بوغۇزلاش مۇستەھەب؛ ياخشى بوغۇزلىيالمىسا، باشقا بىرىنى ياردەمگە چاقىرىشى، بوغۇزلىغان ۋاقىتتا ئۆزى نەق مەيداندا بولۇشى ئەۋزەلدۇر.

قۇربانلىق مالنى كۈندۈزى بوغۇزلاش مۇستەھەب، كېچىسى بوغۇزلىسىمۇ مەكرۇھلۇق بىلەن جائىز.

مەلۇم سەۋەبتىن ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، قۇربانلىق مالنى قۇياش قايرىلغاندىن باشلاپ بوغۇزلاش جائىز.

بىر شەھەرنىڭ بىرقانچە يېرىدە ھېيت نامىزى ئوقۇلسا، ئەڭ بۇرۇن ئوقۇلغان ھېيت نامىزدىن كېيىن قۇربانلىق قىلىش جائىز بولىدۇ.

**نېمىلەرنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس، نېمىلەرنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ؟**

پەقەت تۆگە، كالا، سۇ كالىسى، قوي قاتارلىق ماللارنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس. ياۋايى ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

بىر قوي بىر كىشىنىڭ، تۆگە، كالا ياكى قوتاز قاتارلىق ھايۋانلار يەتتە كىشىنىڭ قۇربانلىق قىلىشىغا يارايدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ ئۈلۈشى يەتتىنىڭ بىرىدىن كەم بولماسلىقى شەرت. ئۇنىڭدىن كەملەپ كەتسە، ھېچكىمنىڭ قۇربانلىقى دۇرۇس بولمايدۇ.

كالا، تۆگە، قوتاز قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەربىرىنى يەتتە كىشىنىڭ قۇربانلىق قىلىشى دۇرۇس، ئەمما ھەربىرىنىڭ مال بوغۇزلاشتىكى مەقسىتى (قان قىلىش ئارقىلىق) ئاللاھقا يېقىنلىق ئىزدەش بولۇشى لازىم. ئارىدىن بىرى پەقەت گۆشىنىلا نىيەت قىلغان بولسا، ھېچبىرىنىڭ قۇربانلىقى دۇرۇس بولمايدۇ.

قۇربانلىق مال ئىچىدە بىر يىلنى توشقۇزۇپ، ئىككىنچى يىلغا قەدەم ئالمىغان قوينى قۇربانلىق قىلىش جائىز بولمايدۇ.

ئەمما تۇغۇلغىنىغا ئالتە ئايدىن ئاشقان، سېمىزلىكتىن بىر يىل توشقاندەك كۆرۈنىدىغان پاقلاننى قۇربانلىق قىلىش جائىز.

كالا ۋە قوتازدىن ئىككى يىل توشۇپ، ئۈچىنچى

يىلىغا قەدەم ئالمىغان مالنى قۇربانلىق قىلىش جائىز بولمايدۇ.

تۆگىدىن بەش يىلنى توشقۇزۇپ، ئالتىنچى يىلىغا قەدەم ئالمىغان مالنى قۇربانلىق قىلىش جائىز بولمايدۇ.

قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال سېمىز، ھەرقانداق ئەيىبتىن خالىي بولۇشى ئەۋزەلدۇر.

تۇغۇلۇشتىنلا مۈڭگۈزى بولمىغان ھايۋاننى بوغۇزلاش جائىز.

مۈڭگۈزى سۇنۇق يەنى مۈڭگۈزىنىڭ بىر قىسمى سۇنۇپ كەتكەن ھايۋاننى بوغۇزلاش جائىز، ئەمما سۇنۇق ئاستىغىچە يېتىپ بارغان بولسا، قۇربانلىق دۇرۇس بولمايدۇ.

ئاختا قىلىۋېتىلگەن ھايۋاننى بوغۇزلاش جائىز، بەلكى ئەۋزەلدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ گۆشى شېرىن ۋە لەززەتلىكتۇر.

قوتۇر بېسىپ كەتكەن مالنى بوغۇزلاش جائىز، ئەمما بەك ئورۇق بولسا، جائىز بولمايدۇ.

ساراڭ بولۇپ قالغان مالنى ساراڭلىقى يايلاقتا ئوتلىتىشتىن توسۇپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە بولسا، بوغۇزلاش دۇرۇس؛ ئەگەر ئۇ دەرىجىدە ساراڭ بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

قارىغۇ يەنى ھەر ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ھايۋاننى بوغۇزلاش جائىز بولمايدۇ.

ئالىغاي يەنى بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان ھايۋاننى بوغۇزلاشمۇ جائىز بولمايدۇ.

قۇشخانىغا مېڭىپ بارالمايدىغان توكۇر ھايۋاننى بوغۇزلاشمۇ جائىز بولمايدۇ، ئەمما ئۈچ پۇتى بىلەن مېڭىپ، تۆتىنچى پۇتىنى مېڭىشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن يەرگە تەگكۈزۈپ ماڭىدىغان ھايۋاننى بوغۇزلاش جائىز.

بەك ئورۇق، ئورۇقلۇقتىن سۆڭىكىدە يىلىك قالمىغان ھايۋاننى بوغۇزلاش جائىز بولمايدۇ.

قۇلىقى ياكى قۇيرۇقى كېسىك ھايۋاننى بوغۇزلاش جائىز بولمايدۇ.

قۇلىقىنىڭ ياكى قۇيرۇقىنىڭ كۆپ قىسمى يوق ھايۋاننى بوغۇزلاشمۇ جائىز بولمايدۇ، ئەمما ئۈچتىن ئىككى قىسمى ساق، ئۈچتىن بىرى كېسىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس.

كوماك يەنى چىشلىرى سۇنۇپ كەتكەن ھايۋاننى بوغۇزلاش جائىز بولمايدۇ، ئەمما چىشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بار بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس.

تۇغۇلۇشىدىنلا قۇلىقى يوق مالنى بوغۇزلاش جائىز بولمايدۇ.

ئەمچىكىنىڭ تۇگمىلىرى كېسىك ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىش جائىز بولمايدۇ.

## قۇربانلىق مالنىڭ گۆشلىرى ۋە تېرىلىرى بېرىلىدىغان ئورۇنلار

قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېيىشى، پېقىرلارغا ۋە بايلارغا يېگۈزۈشى جائىز.

قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى سەدىقە قىلىش، يەنە بىر بۆلىكىنى ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن ساقلاپ قويۇش، ئاخىرقى بۆلىكىنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە دوست - يارەنلىرىنى (مېھمان قىلىش ئۈچۈن) ئېلىپ قويۇشى ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىۋەتسە، ئۇمۇ ئەۋزەلدۇر.

گۆشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ۋە بالىچاقىلىرى ئۈچۈن ساقلاپ قويسىمۇ جائىز.

ئەگەر قۇربانلىق نەزىر قىلىنغان مال بولسا، ئۇنىڭدىن يېيىش مۇتلەق ھالال بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىشى كېرەك.

قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق مالنىڭ تېرىسىنى پېقىرغا بېرىشى ۋە بايغا ھەدىيە قىلىشى جائىز، ئەمما ساتسا، پۇلىسىنى سەدىقە قىلىشى ۋاجىب.

قاسساپنىڭ ئىش ھەققى قۇربانلىق مالنىڭ گۆشىدىن ۋە تېرىسىنىڭ پۇلىدىن بېرىلمەيدۇ.